*Вәтәнни сөйүш - иманниң җүмлисидиндур*

ۋەتەننى سۆيۈش - ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر

قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرى «ئىتتىپاق»
جەمئىيىتىنىڭ ئاممۋىي - سىياسىي گېزىتى

Общественно - политическая газета
Общественного объединения уйгуров
"Иттипак" Кыргызской Республики

# ИТТИПАК ئىتتىپاق ЫНТЫМАК

№ 6 (884), июнь, 2021 г.

2021-يىل، سەپەر 6- سان (884)

-Газета издается с марта 1994 года

## В НОМЕРЕ:



*Бувихан Әлахуноваға бегишланған әнҗуман*
*6-бәт.*



*Уйғур академиясиниң йеңи рәиси сайланди*
*7-бәт.*



ئەخمەتجان قاسىمنىڭ
ئەسەرلىرىدىن 9 - 11 - بەتلەر



*Миграции уйгуров по Центральной Азии*
*Стр.8.*



*Персональная выставка художника С. Бабаджанова*
*Стр.16.*



## В День защиты детей Президент КР Садыр Жапаров встретился с детьми

Президент Кыргызской Республики Садыр Жапаров 1 июня, в Международный день защиты детей встретился с детьми из малообеспеченных семей.

Садыр Жапаров провел для детей экскурсию в своем рабочем кабинете в Администрации Президента Кыргызской Республики, рассказал, как проходит его рабочий день.

Глава государства тепло побеседовал с детьми, поинтересовался их учебой, ответил на интересующие вопросы. Он сообщил, что в структуре Администрации Президента специально создан институт уполномоченного по правам ребенка для усиления работ по социальной защите детей.

«Для нас важно обеспечить юному поколению счастливое детство, крепкое здоровье, всестороннее развитие. В вашем возрасте самое главное — это хорошо учиться и получать знания. Став образованными профессионалами своего дела, перед вами будут открыты все двери, потому что образованному человеку все под силу. Будущее в ваших руках, я уверен, что вы станете достойными гражданами Кыргызской Республики. А мы со своей стороны сделаем все возможное, чтобы у вас было счастливое, беззаботное детство и успешная взрослая жизнь», — подчеркнул глава государства.

Садыр Жапаров призвал все государственные структуры, в том числе и органы местного самоуправления провести «дни открытых дверей» с участием детей и быть постоянно доступными для всех граждан.

Дети, прибывшие на встречу, рассказали Главе государства о своих планах на летние каникулы, любимых предметах и учебе в школе. Также они поделились вопросами личного характера.

После теплой беседы Президент Садыр Жапаров еще раз, поздравив их с праздником, вручил детям памятные подарки.

**Официальный сайт Президента КР.**

## 1 - ئىيۇن كۈنى پرېزىدېنت سادىر جاپاروۋ باللار بىلەن ئۇچراشتى

1 - ئىيۇن كۈنى قىرغىز رېسپۇبلىكىسىنىڭ پرېزىدېنتى سادىر جاپاروۋ باللارنى قوغداش خەلقئارا كۈنى بىلەن مۇھتاج ئائىلىلەرنىڭ باللىرى بىلەن ئۇچراشتى.

سادىر جاپاروۋ قىرغىز رېسپۇبلىكىسى پرېزىدېنت ئادمىنىستراتسىيەسىدە جايلاشقان ئۆزىنىڭ ئىش كابىنېتى ۋە خىزمەت پائالىيىتى توغرۇلۇق باللارغا سۆزلەپ بەردى.

دۆلەت باشلىقى باللار بىلەن قىزغىن سۆھبەتلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئوقۇشلىرىغا قىزىقتى ۋە ئۇلارنىڭ بەرگەن سوئاللىرىغا جاۋاپ بەردى.

سادىر جاپاروۋ پرېزىدېنت ئادمىنىستراتسىيەسىنىڭ ستروكتۇرىسىدا باللارنى ئىجتىمائىي جەھەتتىن قوغداش ئىشلىرىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن مەخسۇس باللارنى ھىمايە قىلىش ۋاكالەتلىك ئىنستىتۇتىنىڭ قۇرۇلغانلىغى توغرۇلۇق خەۋەرنى سۆزلەپ بەردى. «كېلەچەك سىزلەرنىڭ قولۇڭلاردا، سىزلەر قىرغىز رېسپۇبلىكىسىنىڭ مۇناسىپ پۇخرالىرى بولۇشۇڭلارغا مەن ئىشىنىمەن. بىز سىزلەرنىڭ بەختلىك باللار بولۇشۇڭلارنى ۋە كېلەچەكتىكى مۇۋاپپەقىيىتىڭلار ئۈچۈن بارلىق مۈمكىنچىلىكلەرنى قولىمىزدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىمىز» - دېدى دۆلەت باشلىغى.

بۇ ئۇچرۇشۇشقا كەلگەن باللار دۆلەت باشلىغىغا يازلىق تەتىللەردە پلانلىغان ئىشلىرى، ئۆزلىرىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئوقۇش پەنلىرى ۋە مەكتەپلىرىدىكى ئوقۇشلىرى توغرىسىدا، شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي سوئاللىرى ئۈستىدە توختالدى.

بۇ قىزغىن ئۇچرۇشۇشتىن كېيىن پرېزىدېنت سادىر جاپاروۋ باللارنى يەنە 1 - ئىيۇن باللار بايرىمى كۈنى بىلەن تەبرىكلەپ، ئۇلارغا ئەستىلىك سوغىلارنى تاپشۇردى.

**قىرغىز رېسپۇبلىكىسىنىڭ پرېزىدېنتىنىڭ رەسمىي سايتى**

www.uyghurkitap.com



# «Үмүт юлтузлири» - «Звезды надежды»

5 июня 2021 года в кафе «ДИ-2» прошло награждение участников международного онлайн конкурса «Умут юлтузлири», проводимого среди уйгурских школьников и подростков.

В церемонии награждения принимали участие председатель Общества уйгуров «Иттипак» КР Аскар Касымов, представитель Международного Конгресса женщин уйгурок «Бирлик» в Кыргызстане Чашмям Мухтарова, редколлегия газеты «Иттипак»: главный редактор Зумрат Рузиева, зам.редактора Абдурахим Хапизов, члены кыргызстанского филиала Конгресса женщин-уйгурок, участники конкурса и их родители, всего около 30-ти человек.

Инициаторами и организаторами онлайн конкурса выступил Международный Конгресс женщин уйгурок «Бирлик». В данном онлайн конкурсе приняли участие около 300 ребят из Казахстана, Кыргызстана, Турции, США и некоторых европейский стран. Онлайн конкурс проводился весной прошлого года, были подведины итоги, но церемонию награждения участников провести не удалось из-за распространившейся пандемии «Ковид-19». В 2021 году учитывая, что ситуация в Кыргызстане стала стабилизироваться и карантинные меры были ослаблены, принято решение наградить участников конкурса.

Конкурс «Умут юлтузлири» проводился с целью популяризации родного уйгурского языка среди подрастающего поколения, а также воспитания будущих лидеров и патриотов страны. Конкурс проводился по четырем номинациям: поэзия, народные танцы, изобразительное искусство, спорт. Несмотря на то, что из Кыргызстана принимали участие только 6 подростков, они достойно представили свою страну во всех четырех номинациях. Фазия Касымова выступала в номинации «Изобразительное искусство» и заняла почетное 1-е место, Лейла Касымова



заняла 3-е место в номинации «Народные танцы», также в этой номинации участвовала Гузаль Манликова. Сабина Рахимова выступила в двух номинациях – «Поэзия» и «Уйгурский танец», Алимжан Юнус Розаматов принимал участие в номинации «Спорт» и завоевал «Приз зрительских симпатий», также в конкурсе принимала участие самая юная конкурсантка Суна Гульбахар в категории детей до 5-ти лет.

На церемонии награждения Чашмям Мухтарова поблагодарила участников конкурса за их старание, а также упоминула о проблеме изучения уйгурского языка среди подрастающего поколения. В свою очередь председатель ООУ КР «Иттипак» Аскар Касымов выразил благодарность организаторам и участникам конкурса и отметил значимую роль женщин в воспитании патриотизма и морально-этических ценностей среди подрастающего поколения. Одна из активных членов Конгресса женщин Нилюфар Хашимова выразила огромную благодарность родителям, воспитывающим детей и внуков в духе патриотизма и любви к родному языку и культуре.

В целом мероприятия прошли с большой теплотой и воодушевлением. Участники были награждены памятными призами, медалями от Международного Конгресса женщин уйгурок «Бирлик» а также почетными грамотами и благодарственными письмами от Общества уйгуров «Иттипак» КР торжественно вручил председатель Общества Аскар Касымов.

Проводимые мероприятия, несомненно, дает значительный толчок в развитии, интереса и любви к родному языку и уйгурской культуре.

**Феруза**
**Фото Абдурахима Хапизова**

# Международный день защиты детей.

1 июня в Кыргызстане отметили Международный день защиты детей. Уйгуры, проживающие в Кыргызстане, тоже отмечают праздник в этом году, несмотря на угрозу коронавируса.

В каждой этнической общине 1 июня были организованы концерты и



игры, посвященные Международному дню защиты детей. Сообщество уйгуров КР наряду с другими этническими группами, приняло участие в мероприятии в своей общине. Также в этот день молодежная группа Общества «Иттипак», входящего в состав Ассамблеи народа Кыргызстана, приняла активное участие в благотворительной деятельности, разнося подарки детским домам и передавая их детям.

**Соб.корр.**

**Иттипак**

**Главный редактор:** Зумрат Рузиева
**باش مۇھەررىر:** زۇمرەت رۇزىېۋا

**Зам. редактора:** Акбаржан Баудунов, Абдурахим Хапизов
**مۇئاۋىن مۇھەررىرلەر:** ئەكبەرجان باۋۇدۇن، ئابدۇرەخىم ھاپىزى

**Редколлегия:** Музаппархан Курбанов, Мухаммеджан Ясынов, Осман Турдиев
**تەھرىر ھەيئىتى:** مۇزەپپەرخان قۇربانوۋ، مۇھەممەتجان ياسىنوۋ، ئۇسمان تۇردىيېۋ

**Дизайнер - верстальщик:** Зумрат Рузиева
**دىزاينېرى - ۋېرستالشىكى:** زۇمرەت رۇزىېۋا

**Набор текста:** Зайтуна Рузиева
**تېكىستنى نابور قىلغان:** زەيتۇنەم رۇزىېۋا

Материалы, опубликованные в газете, являются собственностью редакции. Письма, рукописи не рецензируются и не возвращаются. Авторы опубликованных материалов несут ответственность за подбор и точность приведенных фактов. Редакция может публиковать статьи в порядке обсуждения, не разделяя точку зрения автора. Отвественность за содержание статей и рекламы редакция не несет.

گېزىتىمىز سەھىپىلىرىدىكى ماتېرىياللارنىڭ جاۋابكەرلىگى مۇئەللىپ ئۈستىدە.

**Учредитель:**
**Общественное объединение уйгуров «Иттипак» Кыргызской Республики**

ساھىبى:
«ئىتتىپاق» جەمئىيىتى

**Свидетельство о перерегистрации 682, серия ГРП, номер 000833 Министерство юстиции КР**

**Отпечатано в типографии «Центр поддержки СМИ». Заказ №1342, тираж 3300**

**г. Бишкек, АНК, Дом Дружбы, ул. Пушкина, 78 инд. :720040**

**Тел.: 62-04-50, 66-40-04**

# В г. Анкара состоялась церемония официальной встречи Президента КР Садыра Жапарова с Президентом Турции Реджепом Тайипом Эрдоганом

9 июня в г. Анкара состоялась церемония официальной встречи Президента КР Садыра Жапарова с Президентом Турции Реджепом Тайипом Эрдоганом

Кортеж с Садыром Жапаровым в сопровождении Почетного конного караула подъехал ко Дворцу Президента, где его встретил Реджеп Тайип Эрдоган.

Главы государств поприветствовали друг друга, после чего прозвучали гимны Кыргызстана и Турции.

После рапорта командира Почетного караула, лидеры Кыргызстана и Турции прошли вдоль строя Почетного караула, Президент КР Садыр Жапаров поприветствовал Почетный караула на турецком языке: «Мерхаба, аскер!».

Затем главы государств представили членов своих официальных делегаций и совместно сфотографировались на фоне государственных флагов.

В завершение церемонии официальной встречи Садыр Жапаров и Реджеп Тайип Эрдоган перешли в офис Президента Турции для проведения переговоров в формате тет-а-тет.

В рамках официального визита Президента Кыргызской Республики Садыра Жапарова в Турецкую Республику подписан ряд документов, направленных на укрепление и развитие кыргызско-турецкого двухстороннего сотрудничества в различных сферах.



Кроме того, подписаны следующие документы:

— Соглашение между Кабинетом Министров Кыргызской Республики и Правительством Турецкой Республики в области защиты и карантина растений;

— Меморандум о взаимопонимании между Кабинетом Министров Кыргызской Республики и Правительством Турецкой Республики в области авторского права и смежных прав;

— Соглашение между Кабинетом министров Кыргызской Республики и Правительством Турецкой Республики о сотрудничестве в области культуры;

— Соглашение между Кабинетом Министров Кыргызской Республики и Правительством Турецкой Республики об учреждении и функционировании культурных центров;

— Меморандум о взаимопонимании и сотрудничестве в области молодежной политики между Министерством культуры, информации, спорта и молодежной политики Кыргызской Республики и Министерством культуры и туризма Турецкой Республики;

— Протокол об утверждении межведомственного плана мероприятий по реализации Соглашения о сотрудничестве в сфере физической культуры и спорта между Правительством Кыргызской Республики и Правительством Турецкой Республики от 9 апреля 2018 года;

— Меморандум между Министерством иностранных дел Кыргызской Республики и Министерством иностранных дел Турецкой Республики о сотрудничестве в протокольной сфере;

— Совместное заявление по итогам 5-го заседания Высшего совета стратегического сотрудничества между Кыргызской Республикой и Турецкой Республикой.

Вместе с этим обе стороны условились о тесном взаимодействии между администрациями президентов двух стран по реализации достигнутых договорённостей в рамках официального визита.

Президент Кыргызской Республики Садыр Жапаров и Президент Турецкой Республики Реджеп Тайип Эрдоган 9 июня приняли участие в церемонии закрытия IV Международного Иссык-Кульского форума имени Чынгыза Айтматова, который проходил в г. Анкара.

**Официальный сайт Президента КР.**

# Открылись курсы уйгурского языка.

Общество уйгуров КР «Иттипак» организовало курсы по изучению уйгурского языка для всех желающих независимо от возраста и национальности. Занятия проводятся на бесплатной основе, утром и вечером, три раза в неделю в офисе ООУ КР «Иттипак».

Возможность изучения уйгурского языка, который является родным для более 60 тысячнего уйгурского населения республики, стало крепким подспорьем в деле сохранения культуры, обычаев, традиций и национальной идентичности уйгурского народа. Занятия проводятся на высоком уровне: используются технические средства обучения, красочные раздаточно-дидактические материалы, интегрированные формы на уроках. Все это усиливает желание изучать родной язык и с удовольствием посещать данные занятия. Следует отметить, что уже сформированы две группы учащихся, одна в утренние часы и другая вечером.





Преподают уйгурский язык мастера своего дела: кандидат филосовских наук Акбаржан Баудунов и главный редактор газеты «Иттипак» Зумрат Рузиева. Оба преподавателя имеют ценный опыт преподавания уйгурского языка. При обучении родному языку они руководствуются методическими пособиями, а также своими личными наработками, что непременно отражается на качестве занятий. По словам Зумрат Рузиевой, уйгурский язык, который является родным для слушателей курса, преподается начиная с самых азов. Ребята изучают два вида письменности: кириллицу и уйгурскую вязь, грамматику и стилистику также в обучении уделяется внимание и разговорной речи.

В беседе со слушателями курса отличаются воодушевление, радость и даже некоторая гордость в том что, они начали изучать свой родной язык. Одна из учениц Нигара выразила огромную благодарность Обществу уйгуров КР «Иттипак», а также своим учителям за возможность прикоснуться к родной культуре и изучению родного языка.

По словам преподавателя Акбаржана Баудунова, планируется более интенсивное развитие курсов с усложнением программы распределяя ее на более длительный срок.

Ребята обучаются не только каллиграфическому письму, но и печатают на уйгурской вязи в своих сотовых телефонах, отправляют различные сообщения, выполняют домашнюю работу, закрепляют и отрабатывают навыки. По окончании курсов Общество надеется воспитать истинных патриотов своей страны и народа.

**Феруза**

**Фото Абдурахима Хапизова**



www.uyghurkitap.com



## Париж, Лондон, Берлиндиму Бейҗиң Олимпик мусабиқисиға қарши намайишларни өткүзүлди




23-июнь күни» Хәлиқара Олимпик күни» мунасивити билән Европидики көплигән дөләтләрдә Бейҗиң Олимпик мусабиқисигә қарши намайишлар өткүзүлди.

Д У К ниң тәшәббуси билән «Хәлиқара Олимпик күни» болған 6-айниң 23-күни көплигән дөләтләрдә 2022-жиллиқ Бейҗиң қишлиқ Олимпик мусабиқисиға қарши намайишлар өткүзүлди. Бу күни Швейцарияниң Лозанна шәһиридики Хәлиқара Олимпик комитетиниң бинаси алдида зор көләмлик намайиш өткүзүлгәндин ташқири, Европидики бир қисим чоң шәһәрләрдиму «иркий қирғинчилиқ Олимпигини бойкот қилайли» - дегән шуар астида намайишлар елип берилди.

Франция уйғур бирлиги тәшкилати тәминлигән учурларға қариғанда, 23-июнь күни Париждики мәшһур Бастилия мәйданида уйғурлар, тибәтликләр вә башқа кишилик һоқуқ тәшкилатлири бирликтә Хитайға қарши намайиш барған.

Мәзкур тәшкилатниң рәиси Алим Өмәр әпәнди зияритимизни қобул қилғанда, Париждики бу намайишқа 10 дин артуқ тәшкилатниң әзалириниң иштирак қилғанлиғини тилға алди. Бу тәшкилатниң малия мәсъули Сүһби әпәндиму Париждики намайишқа уйғурлар вә тибәтләрни қоллайдиған йәрлик аһалиләрниңму қатнашқанлиғини әскәртти. Франция уйғур бирлиги тәшкилатиниң қурғучи әзаси вә сабиқ рәиси Әкбәр Йүсүп әпәнди болса бу кетимқи намайишниң Хитайға қарши ғәзәп--нәпрәткә толған бир намайиш болғанлиғини баян қилди.

23-июнь күни Әнглия пайтәхти Лондон шәһиридиму 2022-жиллиқ Бейҗиң қишлиқ Олимпик мусабиқисиға қарши бирләшмә намайиш елип берилған.

Д У Қ Лондон ишханисиниң мудири Рәһимә Махмут ханимниң билдүрүшичә, бу намайишқа уйғурлар, тибәтләр вә бир қисим кишилик һоқуқ тәшкилатлириниң әзалири қатнишип, Хитайниң кишилик һоқуқ дәпсәндичиликлирини, уйғурлар үстидин жүргүзиватқан иркий қирғинчилиқлирини қаттиқ әйиплигән.

Германия пайтәхти Берлин шәһиридиму 23-июнь күни бирләшмә намайиш болуп өткән. Д У Қ Берлин ишханисиниң мудири Ғәюр Қурбан әпәнди бу һәқтә тохталғанда, Берлиндики бу намайишниң наһайити тәсирлик, жанлиқ елип берилғанлиғини тәкитлиди.

Д У Қ рәһбәрлириниң билдүрүшичә, «Хәлиқара Олимпик күни» болған 6-айниң 23-күни Д У Қ ниң тәшәббусиға бинаән дунияниң һәрқайси әллиридики 40 тин артуқ дөләттә бирла күндә 2022-жиллиқ Бейҗиң қишлиқ Олимпик мусабиқисиға қарши бирләшмә намайиш уюштурулған.

**Әкрәм, ихтиярий мухбир,**
2021-06-24

## Демонстрация против проведения зимних Олимпийских игр 2022 года

23 июня в Осло, столице Норвегии, прошла акция протеста в знак бойкота и протеста против зимних Олимпийских игр 2022 года в Пекине. Демонстрация была организована Норвежским уйгурским комитетом.

Такие организации, как Норвежский уйгурский комитет и Норвежский медицинский комитет, а также Норвежский Гонконгский комитет приняли участие в демонстрации в Осло, столице Норвегии.



В демонстрации, которая проходила перед норвежским олимпийским зданием в Осло, также приняли участие местные норвежцы.

Накануне демонстрации г-н Самет Абла, член Норвежского уйгурского комитета подробно рассказал о демонстрации. Как оказалось, Международный олимпийский комитет, учрежденный 23 июня 1894 года, объявил 23 июня 1987 года Международным олимпийским днем. С тех пор олимпийские комитеты разных стран отмечают этот день различными мероприятиями.

Во время демонстрации Бахтияр Омар, один из официальных представителей Норвежского уйгурского комитета, и г-н Пархат Якуб приняли наш визит и проинформировали нас о демонстрации.

Зимние Олимпийские игры 2022 года, которые будут организованы властями Пекина, были названы «Олимпийскими играми, посвященными резне геноцида», и США единодушно одобряют бойкот и противодействие им.

**Уйгурай,**
*внештатный корреспондент, 24.06.2021*

# *Встреча со студентами Оксфордского университета*

Председатель Всемирного конгресса уйгуров Долкун Иса выступил с докладом о нынешнем положении уйгуров Восточного Туркестана в знаменитом Оксфордском университете.

10 июня президент Союза студентов Оксфордского университета, одного из самых престижных университетов мира в Великобритании, пригласил г-на Долкуна Ису рассказать о текущей ситуации положения уйгуров Восточного Туркестана.

По словам председателя, Союз студентов Оксфордского университета впервые пригласил уйгурских политических активистов. На этой встрече г-н Долкун Иса, рассказывая о своем прошлом, подробно подчеркнул о нынешней общей ситуации в Восточном Туркестане.



Он сказал, что был очень благодарен, что его пригласили на эту встречу, и что данная встреча прошла очень интересно в форме вопросов и ответов.

В конце выступления г-н Долкун Иса пояснил, что в будущем эти молодые люди, присутствующие на встречи вырастут и станут одними из самых влиятельных людей в политической и экономической жизни в Великобритании и в мире и смогут понять общую ситуацию в Восточном Туркестане.

**Акрам**

***P. S.***

*Оксфордский университет (англ. University of Oxford) — британский университет в городе Оксфорд, Англия. Один из старейших университетов в мире, первый англоязычный университет на Британских островах. Хотя точная дата основания университета неизвестна, есть сведения, что обучение там происходило уже в 1096 году. Входит в группу «старинных университетов» Великобритании и Ирландии, а также в элитную группу «Рассел» лучших 24 университетов Великобритании. Обучение платное. Оксфордский университет занимает лидирующие позиции в престижных рейтингах университетов мира, в рейтинге The World University Ranking 2016—2020 годов университет занял 1 место в мире.*

# «ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى» نىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك گۇۋاھلىق ئاڭلاش يىغىنى ئاخىرلاشتى




ئەنگلىيە پايتەختى لوندون شەھرىدە «ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى» 4-ئىيۇن كۈنىدىن باشلاپ گۇۋاھلىق ئاڭلاش يىغىنى ئۆتكۈزگەن ئىدى. 7-ئىيۇن مەزكۇر يىغىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشتى.

تۆت كۈن داۋاملاشقان بۇ يىغىندا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كېلىپ «ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى» نىڭ يىغىنىغا نەق مەيداندىن قاتناشقان ۋە تور ئارقىلىق قاتناشقان گۇۋاھچىلار، مۇتەخەسسىسلەر خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان زۇلۇملىرى ھەققىدە ناھايىتى مۇھىم دەلىل-ئىسپاتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى.

«ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى» نىڭ مەزكۇر يىغىن ھەققىدىكى باياناتىدا كۆرسىتىلىشىچە، «ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى»نىڭ مەقسىتى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىگە دائىر توپلانغان دەلىل-ئىسپاتلار ۋە بۇ قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان گۇۋاھلىق ئاڭلاش يىغىنىدىكى گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىقىغا ئاساسەن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» جىنايىتى ئۈستىدىن قارار چىقىرىش ئىكەن.

مەزكۇر يىغىنغا نەق مەيداندىن ۋە توردىن جەمئىي 40 ئەتراپىدا گۇۋاھچى ۋە مۇتەخەسسىسلەر قاتناشتى. لاگېر شاھىتلىرى «ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى» نىڭ ئادۋوكاتلىرى، پروفېسسورلىرى ۋە پۈتۈن دۇنيانىڭ ئالدىدا لاگېردا ئۆزلىرى بىۋاستە بېشىدىن ئۆتكۈزگەن قورقۇنچلۇق قىيىن-قىستاق ۋە ئىنسان قېلىپىدىن چىققان خورلۇقلارنى ئاڭلاتتى.

گۇۋاھچىلارنىڭ ۋەقە يۈز بەرگەن يىل، ئاي، كۈن، تىلغا ئالغان كىشىلەرنىڭ ئىسىملىرى بىلەن ناھايىتى تەپسىلىي بەرگەن گۇۋاھلىقلىرى، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئىشەنچلىك مەنبەلەر ئارقىلىق خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇر رايونىدا يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسىتى ھەققىدىكى تەكشۈرۈشلىرى، بەرگەن ئىسپاتلار ھەققىدە ئادۋوكاتلارنىڭ ئىنچىكە، جىددىي سوئاللىرى ۋە بېرىلگەن جاۋابلار پۈتۈن دۇنياغا تارقىتىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە «ئۇيغۇر ئەدلىيە ئارخىپى» خادىملىرىمۇ بىرلىشىپ «ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى» ئېچىلىۋاتقان نەق مەيداندىن بۇ تارىخىي مىنۇتلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تاراتقۇ بەتلىرى ئارقىلىق تارقاتتى.

تۆت كۈن جەريانىدا «ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى» دە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىسپاتلار ھەرخىل تىلدىكى خەلقئارالىق ئاخبارات ۋاستىلىرىدا باش بەتتىن ئورۇن ئالدى. خىتاينىڭ دۆلەتلىك ئاخبارات قاناللىرى بولسا «ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى» گە، بۇ گۇۋاھلىق ئاڭلاش يىغىنىغا قاتناشقان گۇۋاھچىلار ۋە مۇتەخەسسىسلەرگە قاراتقان ھۇجۇملىرىنى توختاتمىدى.

خىتاينىڭ بېسىملىرىغا قارىماستىن گۇۋاھچىلار دەل ۋاقتىدا يىغىنغا قاتنىشىپ گۇۋاھلىق بەرگەن بولۇپ، 5-ئىيۇن كۈنى چۈشتىن بۇرۇن رەيچىل خاررىس، رايىن تۇم قاتارلىق تۆت مۇتەخەسسىستىن تەركىب تاپقان بىر گۇرۇپپا «شىنجاڭدىكى دۆلەت زوراۋانلىقى» دېگەن تېمىدا ناھايىتى ئەتراپلىق دوكلات بەردى.

چۈشتىن كېيىن لاگېر شاھىتلىرىدىن زۇمرەت داۋۇت، تۇرسۇنئاي زىياۋۇدۇن خانىم، ئائىلىسى ھەققىدە گۇۋاھلىق بەردى. بۇمەريەم روزى، شەمشىنۇر ئابدۇغوپۇر ۋە مۇتەخەسسىس دەۋىد تىران گۇۋاھلىق بەردى ۋە ئادۋوكاتلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاپ بەردى.

6-ئىيۇن لاگېر شاھىتلىرىدىن مېھرىگۈل تۇرسۇن، گۈلباھار جېلىلوۋا، گۈلباھار ھايىتىۋاجى ۋە ئۇيغۇر ھەرىكىتى تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى رۇشەن ئابباس قاتارلىقلار گۇۋاھلىق بەردى. ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ بېشىغا كەلگەن پاجىئەلەر ھەققىدە ھەبىبۇللاھ ئەخەت، ئۆمەر روزى ھەمدە بىر قانچە لاگېرنىڭ ئورنىنى سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق بايقىغان ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيە تەتقىقات مەركىزىنىڭ تەتقىقاتچىسى نەيسېن رۇسىر قاتارلىقلار گۇۋاھلىق بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلار يەنە ئادۋوكاتلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى.

7-ئىيۇن يەنى بۈگۈنكى ئاخىرقى كۈندە يەنە ناھايىتى مۇھىم گۇۋاھچىلار نەق مەيداندىن ۋە تور ئارقىلىق كوللېگىيەنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىپ گۇۋاھلىق بەردى. بۈگۈنكى گۇۋاھلىققا قاتناشقانلاردىن نەۋرە ھەدىسى ماھىرە ياقۇپ ھەققىدە نىرولا ئەلىما، ئائىلىسىدىن تۆت كىشى تۈرمىگە تاشلانغان نۇرسىمانگۈل ئابدۇرېشىت، پۈتۈن ئائىلىسى بويىچە خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ھەر تۈرلۈك سىياسەتلىرىنىڭ قۇربانلىرى بولغان مەلىكىزات ھەبىبۇل ۋە مەھمەت تەۋەككۈل، ۋەزىيەت ئانالىزچىسى رۇقىيە تۇردۇش ۋە تەتقىقاتچى ئادرىيان زېنىز قاتارلىقلار بار.

«ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى» نىڭ تۇنجى قېتىملىق گۇۋاھلىق ئاڭلاش يىغىنى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشقان بولۇپ، «ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى» نىڭ رەئىسى، يىغىن رىياسەتچىسى جېففرىي نايس ئىككىنچى قېتىملىق تۆت كۈنلۈك ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىنىڭ 10-سېنتەبىر ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

«ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى» خادىملىرى سېنتەبىرگىچە گۇۋاھچىلار تەمىنلىگەن ماتېرىياللارنى قايتا تەكشۈرۈپ چىقىدىكەن. يىغىنغا قاتناشقان گۇۋاھچىلاردىن كەم قالغان ماتېرىياللار بولسا قايتا ئەۋەتىشنى، باشقا گۇۋاھلىق بېرىشنى خالايدىغانلار بولسا «ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى» بىلەن ئالاقىلاشسا بولىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتى.

يۇقىرىدا تىلغا ئالغان بارلىق گۇۋاھچىلارنىڭ يازما گۇۋاھلىقى «ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى» نىڭ تور بېتىگە قويۇلغان بولۇپ، تۆت كۈنلۈك نەق مەيداندىن تارقىتىلغان سىن كۆرۈنۈشى «ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى» نىڭ يۇتۇب قانىلىدا ساقلانغان.

**نۇرئىمان، ر ف ئا**
**07.06.2021**

# *Уйғур сот коллегиясиниң тунҗи нөвәтлик гувaһлиқ аңлаш жиғини ахирлашти*

Әнглия пайтәхти Лондон шәһиридә «Уйғур сот коллегияси» 4-июнь күнидин башлап гуваһлиқ аңлаш жиғини өткәзгән еди. 7-июнь күни мәзкур жиғин мувәппәқийәтлик ахирлашти.

Төрткүндавамлашқанбужиғинда дунияниң һәркайси жайлиридин келип «Уйғур сот коллегиясиниң» жиғиниға нәқ мәйдандин қатнашқан вә тор арқилиқ қатнашқан гуваһчилар, мутәхәссисләр Хитай һакимийитиниң уйғурларға қаратқан зулумлири һәққидә наһайити муһим дәлил-испатларни оттуриға қоюшти.

«Уйғур сот коллегиясиниң» мәзкур жиғин һәққидики баянатида көрситилишичә, «Уйғур сот коллегиясиниң» мәқсити - Хитай һөкүмитиниң уйғурларға қаритилған кишилик һоқуқ дәпсәндичиликлиригә даир топланған дәлил-испатлар вә бу қетим өткүзүлидиған гуваһлиқ аңлаш жиғинидики гуваһчиларниң гуваһлиғиға асасән Хитай һөкүмитиниң «иркий қирғинчилиқ» жинайити үстидин қарар чиқириштин ибарәт.

Мәзкур жиғинға нәқ мәйдандин вә тордин жәмий 40 әтрапида гуваһчи вә мутәхәссисләр қатнашти. Лагер шаһитлири «Уйғур сот коллегиясиниң» адвокатлири, профессорлири вә пүтүн дунияниң алдида лагерда өзлири беваситә бешидин өткәзгән қорқунучлуқ қийин-қистақ вә инсан қелипидин чиққан хорлуқларни аңлатти.

Гуваһчиларниң вақиә йүз бәргән жил, ай, күн, тилға алған кишиләрниң исимлири билән наһайити тәпсилий бәргән гуваһлиқлири, мутәхәссисләрниң ишәнчлик мәнбәләр арқилиқ Хитай һакимийитиниң Уйғур районида жүргүзүватқан сәясити һәққидики тәкшүрүшлири, бәргән испатлар һәққидә адвокатларниң инчикә, жиддий соаллири вә берилгән жаваблар пүтүн дунияға тарқитилди. Униңдин башқа Дуния уйғур қурултейи вә «Уйғур әдлийә архиви» хадимлириму бирлишип «Уйғур сот коллегияси» ечиливатқан нәқ мәйдандин бу тарихий минутларни өзлириниң ижтимаий таратқу бәтлири арқилиқ тарқатти.

Төрт күн жәриянида «Уйғур сот коллегияси» дә оттуриға қоюлған испатлар һәрхил тилдики хәлиқаралиқ әхбарат васитилиридә баш бәттин орун алди. Хитайниң дөләтлик ахбарат қаналлири болса «Уйғур сот коллегиясигә», бу гуваһлиқ аңлаш жиғиниға қатнашқан гуваһчилар вә мутәхәссисләргә қаратқан һужумлирини тохтатмиди.

Хитайниң бесимлириға қаримастин гуваһчилар дәл вақтида жиғинға қатнишип гуваһлиқ бәргән болуп, 5-июнь күни чүштин бурун Рәйчил Харрис, Райин Тум қатарлиқ төрт мутәхәссистин тәркиб тапқан бир группа «Шинжаңдики дөләт зораванлиғи» дегән темида наһайити әтраплиқ доклад бәрди. Бу доклад һәққидә кейинки программимизда тәпсилий мәлумат беримиз.

Чүштин кейин лагер шаһитлиридин Зумрәт Давут, Турсунай Зиявудун ханим, аилиси һәққидә гуваһлиқ бәрди. Бумәрйәм Рози, Шәмшинур Абдуғопур вә мутәхәссис Дәвид Тиран гуваһлиқ бәрди вә адвокатларниң соаллириға жавап бәрди.

6-июнь лагерь шаһитлиридин Меһригүл Турсун, Гүлбаһар Желилова, Гүлбаһар Һайтиважи вә Уйғур һәрикити тәшкилатиниң рәиси Рушән Аббас қатарлиқлар гуваһлиқ бәрди. Өзиниң вә аилисиниң бешиға кәлгән пажиәләр һәққидә Һәбибуллаһ Әхәт, Өмәр Рози һәмдә бирқанчә лагерниң орнини сүнъий һәмраһ арқилиқ байқиған Австралия стратегия тәтқиқат мәркизиниң тәтқиқатчиси Нәйсен Русир қатарлиқлар гуваһлиқ бәрди. Шуниң билән бир вақитта улар йәнә адвокатларниң соаллириға жаваб бәрди.

7-июнь күни йәнә наһайити муһим гуваһчилар нәқ мәйдандин вә тор арқилиқ коллегияниң жиғиниға қатнишип, гуваһлиқ бәрди. Бүгүнки гуваһлиққа қатнашқанлардин нәврә һәдиси Маһирә Яқуп һәққидә Нирола Әлима аилисидин төрт киши түрмигә ташланған Нурсимангүл Абдурешит, пүтүн аилиси бойичә Хитай һакимийитиниң һәр түрлүк сәясәтлириниң қурбанлири болған мәликизат Һәбибул вә Мәһмәт Тәвәккүл, вәзийәт анализчиси Руқийә Турдуш вә тәтқиқатчи Адриян Зениз қатарлиқлар бар.

«Уйғур сот коллегиясиниң» тунжи қетимлиқ гуваһлиқ аңлаш жиғини шуниң билән ахирлашқан болуп, «Уйғур сот коллегиясиниң» рәиси, жиғин риясәтчиси Жеффри Найс иккинчи қетимлиқ төрт күнлүк испат аңлаш жиғининиң 10-сентәбрдә өткүзүлидиғанлиғини уқтурди.

«Уйғур сот коллегияси» хадимлири сентәбргичә гуваһчилар тәминлигән материалларни қайта тәкшүрүп чиқиду. Жиғинға қатнашқан гуваһчилардин кәм қалған материяллар болса қайта әвәтишини, башқа гуваһлиқ беришни халайдиғанлар болса «Уйғур сот коллегияси» билән алақилашса болидиғанлиғини әскәртип өтти.

Жуқирида тилға алған барлиқ гуваһчиларниң язма гуваһлиғи «Уйғур сот коллегиясиниң» тор бетигә қоюлған болуп, төрт күнлүк нәқ мәйдандин тарқитилған син көрүнүши «Уйғур сот коллегиясиниң» ютуб қанилида сақланған.

***Нуриман, Лондон,***
***РФА 7.06.2021***

www.uyghurkitap.com



# Алмутида тонулған алимә вә педагог Бүвихан Әлахунованиң 90 жиллиғи хатириләнди

Әйни вақитларда Қазақстанда уйғурларниң илим-пән, әдәбият, мәдәнийәт, сәнъәт, ишләп чиқириш, йеза-егилиги вә башқиму саһәләрдә чоң утуқлар қазинип, пәқәт Қазақстандила әмәс, бәлки униң сиртидиму тонулған шәхсләрниң болғанлиғи мәлум. Уларниң ичидә көплигән аял кишиләрму болған. ШуларниңбириҚазақстандикимаарип әлачиси, Қазақстан җумһурийитиниң хизмәт көрсәткән хадими, педагогика пәнлириниң доктори Бүвихан Әлахунова болуп, у узун жиллар давамида миллий маарип мәсилилири билән шуғулланған еди.

Йеқинда, йәни 29-майда Қазақстандики уйғурлар әнә шу Бүвихан Әлахунованиң туғулғанлиғиниң 90 жиллиғини хатириләп, илмий муһакимә жиғинини өткәзди. Егилишимизчә, мәзкур жиғин Қазақстан хәлқи Ассамблеяси йенидики Җумһурийәтлик уйғур этно-мәдәнийәт мәркизи, униң Алмута шәһәрлик шөбиси, мәркәз йенидики Қазақстан уйғур яшлар бирлиги вә Абай намидики Қазақ миллий педагогика университети тәрипидин уюштурулған. «Бүвихан Әлахунованиң илмий мираси: Алимә әмгәклиригә йеңичә көз қараш» дәп аталған бу илмий муһакимә жиғиниға алимлар, магистрлар, оқутқучилар, язғучилар, мәрһумниң уруқ-туққанлири вә һәр хил җәмийәтлик тәшкилатларниң вәкиллири қатнашти.

Тор арқилиқ өткән жиғинға риясәтчилик қилған Йеза егилиги пәнләр академиясиниң академиги, профессор, Қазақстан уйғур этно-мәдәнийәт мәркизи йенидики алимлар кеңишиниң рәиси Мәсимҗан Вилямов жиғинниң баш мәқсити вә әһмийити һәққидә қисқичә тохталди. Андин кейин сөзгә чиққан Қазақстан парламенти Алий кеңишиниң әзаси, Қазақстан хәлқи Ассамблеяси кеңишиниң әзаси, Җумһурийәтлик уйғур этно-мәдәнийәт мәркизиниң рәиси Шаһимәрдан Нурумов Қазақстан уйғурлириниң һәр саһәләрдә йәткән утуқлирини тәкитләп, бүгүнки күндә, болупму миллий маарип мәсилилиригә чоң диққәт бөлүнүватқанлиғини тәкитлиди. У Бүвихан Әлахунованиң Қазақстан уйғур маарипиға қошқан төһписини жуқири баһалап, униң ишини йәниму давамлаштурушниң кейинки әвлатлар үчүнму муһим екәнлигини билдүрди.

Жиғинда Җумһурийәтлик уйғур этно-мәдәнийәт мәркизиниң башқарма әзалири Бүвихан Әлахунованиң һаяти вә илмий-педагогикилиқ паалийитигә тохтилип, илмий муһакимә жиғининиң ишиға мувәппәқийәтләр тилиди.

Сөзгә чиққанлар ичидә



Бүвихан Әлахунова (1931-2013)

мәрһумәниң сиңлиси, Қазақстан маарип әлачиси, пешқәдәм устаз Нурванәм Әлахунова Бүвихан Әлахунованиң Қазақстанниң мәшһур шәхслири қатарида өзигә муназип орунни егиләйдиғанлиғини оттуриға қойди.

Жиғинда Абай намидики қазақ миллий педагогика университетиниң шәрқ филологияси вә тәрҗимә бөлүминиң доценти, филология пәнлириниң доктори Руслан Арзиев «Бүвихан Әлахунова мәктәпләрдә Өмәр Муһәммәдийниң һаяти вә ижадийитини оқутуш һәққидә», йәнә шу оқуш орниниң чоң оқутқучиси, филология пәнлириниң доктори Шаирәм Баратова «Бүвихан Әлахунованиң маарип һәм илим-пән саһәлиригә қошқан һәссиси», Мурат Һәмраев намидики 150-оттура мәктәпниң уйғур тили вә әдәбияти пәнлириниң муәллими, филология пәнлириниң доктори Һакимжан Һәмраев «Алимә Бүвихан Әлахунова тәтқиқатлирида әдәбиятни оқутуш мәсилилири» мавзулирида доклад қилишти.

Җумһурийәтлик уйғур этно-мәдәнийәт мәркизи рәисиниң орунбасари, «Уйғур авази» гезитиниң баш муһәррири Йәршат Әсмәтов әпәнди мундақ деди: «Әнҗуман наһайити муһим әһмийәткә егә. Бу әнҗуманни пәкәт көрнәклик алимимиз, җәмийәт әрбабимиз Бүвихан ана Әлахунованиң тәвәллуди сүпитидила қобул қилмаймиз. Бу әнҗуманни бүгүнки уйғур маарипиниң, уйғур хәлқиниң мәнивий һаятиниң келәчәктә техиму ронақ тепишиниң, шуниң билән биллә яш әвлатқа әвлатлар варислиғиниң сиңиши үчүн чоң әһмийәткә егә болидиған наһайити муһим паалийәт дәп һесаплаймән.»

Жиғинда сөзгә чиққан Бүвихан Әлахунованиң кәсипдашлири вә шагиртлири Ибадәт Җаһанова, Зерип Молотов, Камалдин Мәнсүров, Зәһидәм Шакирова, қизи Рошәнгүл Мәшүрова вә башқилар мәрһумәни әсләп, мәзкур паалийәтни уюштурғучиларға миннәтдарлиқ билдүрүшти.

Зияритимизни қобул қилған Абай намидики Қазақ миллий педагогика университетиниң Шәрқ филологияси вә тәрҗимә бөлүминиң чоң оқутқучиси, филология пәнлириниң доктори Шаирәм Баратова ханим мундақ деди: «Мустәқил Қазақстан җумһурийитидә хәлқимиз үчүн яритиливатқан шараит-пурсәтләрни чоңқур һес қилған алимә Бүвихан Әлахунова йолдиши Һаким Мәшүров билән бирликтә көплигән мәктәпләрдә уйғур синиплирини ечиш, уйғур тилида билим берилидиған мәһкимиләргә балиларни җәлб қилиш охшаш хәлқимиз тәғдиригә аит муһим ишчариләрни әмәлгә ашурди. Миллий маарипимиз җанкөйәрлириниң бу паалийити бүгүнки күндиму шагиртлири арқилиқ давамлишиватқанлиғи, йәни бу тәвәррүк йолда меһнәт-әҗрини сәрип қиливатқан избасарлириниң мәвҗутлуғини һәм әҗдат билән әвлат арисидики изчиллиғни мәмнунлуқ билән тилға алидиған болсақ, йәнә бир тәрәптин әллик жил илгири муһим болған уйғур синиплириға бала топлаш мәсилиси та бүгүнки күнгичә өз йешимини тапалмайватқанлиғи, хәлқимизниң айрим вәкиллири сәвийәсигә сиңип қалған мәһкүмчиликтин қутулалмайватқанлиғи, әлвәттә, ечинишлиқ. Бу тәшвишлик вәзийәт йәнә қанчә жиллар давам қилидиғанлиғи бәлгисиз. Бизниң пәрәз қилишимизчә, һәр бир ата-ана пәрзәндини ана тилида оқутушқа һеч бир күчниң тәсирисиз, өз ихтияри билән йетәкләп апиридиған пәйтләр кәлгәндила Бүвихан Әлахунова вә Һаким Мәшүровларниң һаят чеғидики истәк-армини әмәлгә ашиду.»

Бүвихан Әлахунова 1931-жили Алмута вилайити Уйғур наһийәсиниң Чоң Ақсу йезисида дунияға кәлгән. У журтидики оттура мәктәпни тамамлап, Абай намидики Қазақ педагогика институтиниң филология факултетида билим алған. 1952-жили мәзкур оқуш орнини пүттүрүп, Уйғур наһийәсиниң Кәтмән йезисидики оттура мәктәптә уйғур тили вә әдәбияти пәниниң муәллими болуп ишлигән. Бүвихан Әлахунова 1958-жили Қазақстан маарип министрлиғиниң буйруғи билән Алмута шәһиридики Ибрай Алтинсарин намидики педагогика пәнлири илмий-тәтқиқат институтиға хизмәткә орунлашқан. Бу йәрдә аспирантурини тамамлап, илмий хадим болуп ишлигән. 1972-жили у атақлиқ алимлар Малик Ғабдуллин вә Мурат Һәмраев рәһбәрликидә «Өмәр Муһәммәдийниң һаяти вә ижадийитини оқутуш методикиси» мавзусида илмий әмгигини қоғдап, уйғурлар арисидин биринчи болуп педагогика пәнлириниң доктори илмий дәриҗисигә еришкән. Бүвихан Әлахунова уйғур әдәбияти бойичә көплигән программа, дәрислик, методикилиқ қолланмилар вә йүздин ошуқ илмий мақалиларниң автори, бир қатар һөкүмәт мукапатлириниң саһиби. У 2013-жили 82 йешида аләмдин өткән.

**Ойған**

# Уйғур академиясиниң йеңи рәиси сайланди

# ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسىنىڭ يېڭى رەئىسى سايلاندى

Салам кериндашлар, уйғур академияси йеңи нөвәтлик рәислигигә доктор Пәрһат Курбан Тәңритағли әпәнди сайланди, миллитимиз үчүн хәйирлик болсун.

Уйғур академияси 5 - нөвәтлик йеңи рәһбәрлик һәйәтлирини сайлап чиқти.

Уйғур академияси 2021-жили, 19-июнь күни Истанбулда 5-нөвәтлик умумий жиғин чақирип, академия һәйъәт әзалирининиң йеңидин сайлимини өткүзди.

Уйғур академиясиниң әзалири жиғилған бу жиғин алди билән Түркия вә Шәрқий Түркистан Истиқлал маршиниң оқулуши билән башланди. Истиқлал маршлири оқулғандин кейин, уйғур академиясиниң рәиси профессор Алимжан Инайәт әпәнди Уйғур академиясиниң 2018-жилидин буянқи үч жилда қилинған хизмәтләр, қолға кәлтүргән нәтижиләр вә йетәрсизликләр үстидә тәпсилий доклад бәрди. У Уйғур академиясиниң нөвәттә Түркия, Америка, Европа, Австралия вә Оттура Асияда уйғур зиялийлири топланған күчлүк бир илмий органға айланғанлиғини тәкитләп, академияниң муһажирәттики уйғурлар арисидики ойниған ролиниң муһим вә миллий вәзиписиниң толиму еғир екәнлиги үстидә тохталди.

Жиғинда, профессор Алимжан Инайәт әпәнди, Уйғур академиясиниң Идарий һәйъәт комитети әзалири 2020-жилининң ахирида, Уйғур академиясиниң кейинки хизмәтлириниң даирисини кеңәйтишни мәқсәт қилип, академияни вәхпигә айландурушни қарар қилип, керәклик рәсмийәтләрни бежирип Түркияниң алақидар органлириға илтимас қилғанлиғини, 2021-жили 9-май күни Уйғур академияси вәқпий Түркия дөләтлик рәсмий гезитида тәстиқланғанлиғини уқтурди.

Жиғинда, профессор Алимжан Инайәт әпәнди Уйғур академиясиниң ички низамисидики рәисниң вәзипә өтәш муддити әң көп болғанда икки нөвәт болидиғанлиғи принсипиға асасән, тәкрар рәис намзити болмайдиғанлиғини билдүрди.

Профессор Алимжан Инайәт әпәндиниң хизмәт доклади ахирлашқандин кейин, Түркиядики тәшкилатлар сайлам тәртиви вә усули бойичә, Уйғур академиясиниң 4-нөвәтлик һәйъәт әзалири һәммиси бирдәк истипа бәрди вә 5-нөвәтлик йеңи академия рәиси демократик шәкилдә йеңидин сайлап чиқилди.

Сайламда, 2018-жилидин 2021-жилиғичә уйғур академиясиниң баш катиплиқ вәзиписини үстигә алған вә шундақла Хитай тәтқиқати институтиниң мудири доктор Пәрһат Курбан Тәңритағли әпәнди өзиниң 3 жиллиқ хизмәт лаһийәсини оттуриға қойди вә йошурун авазда Уйғур академиясиниң 5-нөвәтлик рәиси, һәм шундақла Уйғур академияси вәхпиниң тунҗи рәиси болуп сайланди.

Шуниң билән бирдәк, профессор Алимжан Инайәт әпәнди Уйғур академияси вәхписиниң 11 кишилик Кеңәш һәйъитиниң рәиси (Вәхпи мутивәлли һәйъитиниң рәиси) болуп сайланди.

Академияниң сайлам қаидә-принциплириға асасән, иш үнүминиң жуқири болуши үчүн, йеңидин сайланған академия рәиси доктор Пәрһат Курбан Тәңритағли билән биргә 7 кишилик даимий һәйъәт әзалириму бекитип чиқилди.

Сайламда демократик принципқлар асасида сайланған академия рәиси доктор Пәрһат Курбан Тәңритағлиниң вәзипә өтәш муддити 3 жил болидиғанлиғи тәкитләнди.






Академия рәиси болуп сайланған доктор Пәрһат Курбан Тәңритағли әпәнди, Уйғур академиясиниң бунидин кейинки 3 жиллиқ паалийәт план – лайиһәлирини чүшәндүрүп, академияниң мәвжут муһим илмий хизмәтлирини давамлаштуридиғанлиғини, Түркиядики Хитай тәһдитигә қарши бир қатар тәдбир характерлик хизмәтләрни елип баридиғанлиғини, әң муһими Түркиядә Уйғур академияси вәхпигә қарашлиқ Махмут Қәшқәри намида университет қуруп чиқишни әң муһим хизмәт нишани қилидиғанлиғидәк бир қатар хизмәтләрни қилидиғанлиғини оттуриға қойди.

Зиялийларға хас адил вә демократик усул билән елип берилған бу қетимқи сайлам, академия әзалириниң көлгүсигә болған үмүт – арзулири билән қизғин кәйпиятта ғәлибилик ахирлашти.

**Уйғур академиясиниң Даимий һәйъәт комитети, 2021-жили, 19-июнь, Истанбул**

سالام قېرىنداشلار، ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى يېڭى نۆۋەتلىك رەئىسلىكىگە دوكتور پەرھات قۇربان تەڭرىتاغلى ئەپەندى سايلاندى، مىللىتىمىز ئۈچۈن خەيرلىك بولسۇن.

ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى 5 ـ نۆۋەتلىك يېڭى رەھبەرلىك ھەيئەتلىرىنى سايلاپ چىقتى.

ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى 2021 ـ يىلى 19 ـ ئىيۇن شەنبە كۈنى ئىستانبۇلدا 5 ـ نۆۋەتلىك ئومۇمىي ژىغىن چاقىرىپ، ئاكادېمىيە ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ يېڭىدىن سايلىمىنى ئۆتكۈزدى.

ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئەزالىرى يىغىلغان بۇ يىغىن ئالدى بىلەن تۈركىيە ۋە شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال مارشىنىڭ ئوقۇلۇشى بىلەن باشلاندى. ئىستىقلال مارشلىرى ئوقۇلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسىنىڭ رەئىسى پروفېسسور ئالىمجان ئىنايەت ئەپەندى ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسىنىڭ 2018 ـ يىلىدىن بۇيانقى ئۈچ يىلدا قىلىنغان خىزمەتلەر، قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر ۋە يېتەرسىزلىكلەر ئۈستىدە تەپسىلىي دوكلاد بەردى. ئۇ ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسىنىڭ نۆۋەتتە تۈركىيە، ئامېرىكا، ياۋروپا، ئاۋستىرالىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇيغۇر زىيالىلار توپلانغان كۈچلۈك بىر ئىلمىي ئورگانغا ئايلانغانلىقىنى تەكىتلەپ، ئاكادېمىيەنىڭ مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئوينىغان رولىنىڭ مۇھىم ۋە مىللىي ۋەزىپىسىنىڭ تولىمۇ ئېغىر ئېكەنلىكى ئۈستىدە توختالدى.

يىغىندا، پروفېسسور ئالىمجان ئىنايەت ئەپەندى، ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى ئىدارى ھەيئەت كومىتېتى ئەزالىرى 2020 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسىنىڭ كېيىنكى خىزمەتلىرىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىشنى مەقسەت قىلىپ، ئاكادېمىيەنى ۋەخپىگە ئايلاندۇرۇشنى قارار قىلىپ كېرەكلىك رەسمىيەتلەرنى بېجىرىپ تۈركىيەنىڭ ئالاقىدار ئورگانلىرىغا ئىلتىماس قىلغانلىقىنى، 2021 ـ يىلى 9 ـ ماي كۈنى ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى ۋەقپىي تۈركىيە دۆلەتلىك رەسمىي گېزىتىدە تەستىقلانغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

يىغىندا، پروفېسسور ئالىمجان ئىنايەت ئەپەندى ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئىچكى نىزامىسىدىكى رەئىسنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ئەڭ كۆپ بولغاندا ئىككى نۆۋەت بولىدىغانلىقى پرىنسىپىغا ئاساسەن، تەكرار رەئىسى نامزاتى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

پروفېسسور ئالىمجان ئىنايەت ئەپەندىنىڭ خىزمەت دوكلادى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، تۈركىيەدىكى تەشكىلاتلار سايلام تەرتىپى ۋە ئۇسۇلى بويىچە، ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسىنىڭ 4 ـ نۆۋەتلىك ھەيئەت ئەزالىرى ھەممىسى بىردەك ئىستىپا بەردى ۋە 5 ـ نۆۋەتلىك يېڭى ئاكادېمىيە رەئىسى دېموكراتىك شەكىلدە يېڭىدىن سايلاپ چىقىلدى.

سايلامدا، 2018 ـ يىلىدىن 2021 ـ يىلىغىچە ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسىنىڭ باش كاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ۋە شۇنداقلا خىتاي تەتقىقاتى ئىنستىتۇتى مۇدىرى دوكتور پەرھات قۇربان تەڭرىتاغلى ئەپەندى ئۆزىنىڭ 3 يىللىق خىزمەت لاھىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە يۇشۇرۇن ئاۋازدا ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسىنىڭ 5 ـ نۆۋەتلىك رەئىسى، ھەم شۇنداقلا ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى ۋەخپىنىڭ تۇنجى رەئىسى بولۇپ سايلاندى.

شۇنىڭ بىلەن بىردەك، پروفېسسور ئالىمجان ئىنايەت ئەپەندى ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى ۋەخپىسىنىڭ 11 كىشىلىك كېڭەش ھەيئىتى رەئىسى (ۋەقىپ مۇتەۋەللى ھەيىتى رەئىسى) بولۇپ سايلاندى.

ئاكادېمىيەنىڭ سايلام قائىدە ـ ـ پرىنسىپلىرىغا ئاساسەن، ئىش ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرى بولۇشى ئۈچۈن، يېڭىدىن سايلانغان ئاكادېمىيە رەئىسى دوكتور پەرھات قۇربان تەڭرىتاغلى بىلەن بىرگە 7 كىشىلىك دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرىمۇ بېكىتىپ چىقىلدى.

سايلامدا دېموكراتىك پرىنسىپلار ئاساسىدا سايلانغان ئاكادېمىيە رەئىسى دوكتۇر پەرھات قۇربان تەڭرىتاغلىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى 3 يىل بولىدىغانلىقى تەكىتلەندى.

ئاكادېمىيە رەئىسى بولۇپ سايلانغان دوكتور پەرھات قۇربان تەڭرىتاغلى ئەپەندى، ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى 3 يىللىق پائالىيەت پلان ـ لايىھەلىرىنى چۈشەندۈرۈپ، ئاكادېمىيەنىڭ مەۋجۇت مۇھىم ئىلمىي خىزمەتلىرىنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى، تۈركىيەدىكى خىتاي تەھدىتىگە قارشى بىر قاتار تەدبىر خارەكتىرلىك خىزمەتلەرنى ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى، ئەڭ مۇھىمى تۈركىيەدە ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى ۋەخپىگە قاراشلىق مەھمۇد قەشقىرى نامىدا ئۇنىۋېرسىتېت قۇرۇپ چىقىشنى ئەڭ مۇھىم خىزمەت نىشانى قىلىدىغانلىقىدەك بىر قاتار خىزمەتلەرنى قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

زىيالىلارغا خاس ئادىل ۋە دېموكراتىك ئۇسۇل بىلەن ئېلىپ بېرىلغان بۇ قېتىمقى سايلام، ئاكادېمىيە ئەزالىرىنىڭ كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىد ـ ئارزۇلىرى بىلەن قىزغىن كەيپىياتتا غەلىبىلىك ئاخىرلاشتى.

**ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى دائىمى ھەيئەت كومىتېتى 2021 ـ يىلى 19 ـ ئىيۇن، ئىستانبۇل**

# Этапы миграции уйгуров по Центральной Азии в XVIII-XIX вв.



***Абдурахим Хапизов,***
*старший преподаватель Бишкекского государственного университета им. К. Карасаева, историк, магистр политических наук*

В Кыргызской Республике проживает более 100 национальностей. Согласно официальной переписи населения последних лет, численность уйгуров составляет около 60 тысяч, и среди народов нашей республики уйгуры занимают 5 место (после кыргызов, узбеков, русских и дунган).

В годы сталинских репрессий в 18-30 годах прошлого века большинство уйгуров чтобы спасти свою жизнь записались узбеками и на другие национальности. Среди историков, политиков, демографов и писателей в последнее время широко обсуждаются вопросы численности уйгуров в Центральной Азии. В мартовском номере газеты «Иттипак» этого года была опубликована статья уйгурского поэта и журналиста Музаппархана Курбанова «Каким должно быть общее количество уйгуров в Средней Азии и Казахстане?». В данной статье автор, ссылаясь на исторические факты показал, что общая численность уйгуров в Средней Азии и Казахстане превышает в разы официальные данные о численности уйгуров в данном регионе. По мнению автора статьи численность населения уйгуров в данном регионе опирается на статистические данные переписи населения, 90-х годов прошлого века.

Что касается исторических этапов миграции уйгуров, то эти периоды являются трагическими моментами в истории уйгурского народа.

Уйгуры-один из тюркских народов, оставивший глубокий след в Центральной Азии на протяжении многих веков, начиная с периода Огузхана.

В этой краткой статье рассматриваются этапы миграции уйгуров по Центральной Азии в XVIII-XIX вв.




Вот уже 262 года уйгурский народ вел и ведет борьбу против иноземных неоколонизаторов.

После маньчжуро-китайского вторжения в Уйгуристан (Восточный Туркестан) в 1759 году часть нашего народа была вынуждена переселиться на территории Казахстана, Кыргызстана и Ферганской долины.

После поражения восстания 1825-1828 гг., руководимый Джахангиром Ходжи (Джахангир Ходжа - руководитель вооруженного восстания против династии Цин в Восточном Туркестане 1825-1828 гг. - А.Х.) тысячи уйгурских семей были вынуждены бежать в города Коканд, Шахрихан, Андижан, Наманган и в другие города Ферганской долины. Об этом написал в своём путешествии в Восточный Туркестан видный казахский учёный, этнограф и исследователь Центральной Азии Чокан Валиханов: «После восстания Джахангира Ходжи около 70 тысяч семей кашгарцев прибыли в города Коканд, Шахрихан и в другие города Ферганской долины и их численность в последующих миграциях достигла до 300 тысяч» (Валиханов Ч.Ч. сочинения в 5 томах. Т.3. Алматы, 1985г., с.11-12).

Кроме того, в 1877-1880 гг., после завоевания Илийского султаната русскими царскими войсками и маньчжуро-китайскими захватчиками государства Йаттишар (Семиречье) сотни тысяч уйгуров были вынуждены покинуть свою родину и переселиться в Семиречье и в Ферганскую долину.

Следует отметить, что уйгуры живут в данном регионе на протяжении более тысячи лет со времени существования государства Караханидов.

К сожалению, в средствах массовой информации и в трудах наших историков, искусствоведов, литературоведов и политических деятелей мало освещается роль и место уйгуров в культурно-политической и в иных областях в жизни народов Центральной Азии.

Следующие исторические факты доказывают, кто мы, и что мы за народ:

1. Миграция уйгуров в Семиречье и в Ферганскую долину Центральной Азии сыграла важную роль в развитии земледелия, садоводства, ремесла и кулинарии в этом регионе.

2. Для освоения пустынных районов Туркменистана и развития здесь земледелия и садоводства колониальная администрация Российской империи во второй половине XIX века переселила несколько сот уйгурских семей из Семиречья в Туркменистан. Потомки этих уйгуров, которые были переселены в то время из Семиречья, на данный момент живут в основном в городе Байрамали и его окрестностях, расположенный на юго-востоке Туркменистана.

В связи с этим здесь поневоле возникают вопросы:

1. Почему колониальная администрация Российской империи переселила уйгуров из Семиречья в Туркменистан, расположенный за тысячи километров от Семиречья? (в Семиреченский край входит юго-восточная часть территории Казахстана и северо-восточная часть территории Кыргызстана. - А.Х. )

2. Но ведь в соседстве с туркменами живут же узбеки и таджики, эти оседлые народы, который тоже занимаются земледелием и садоводством?

3. Почему царская администрация России в Туркестанском крае не привлекла в Туркменистан вышеназванные нами народы?

Это связано с тем, что из среди населения Средней Азии колониальная администрация Российской империи именно видела в лице уйгуров самых искуссных мастеров земледелия, садоводства ремесла и кулинарии.

Профессор Стелла Губаева, старший научный сотрудник Ферганского Государственного педагогического института им. Улугбека в своей монографии «Население Ферганской долины в конце XIX - начале XX вв.» (Издательство «Фан», Ташкент, 1991г.) пишет: «В деревнях и селах Ферганской долины довольно много живут уйгуров и в этих местах часто встречается название «Кашгар». Уйгуры сыграли важную роль в истории сельского хозяйства, садоводства и развития ремесел в Ферганской долине».

В связи с этим здесь нам хочется вспомнить историю переселения в Россию немцев из Германии во времена правления российской императрицы Екатерины II во второй половине XVIII в. Немецкие переселенцы внесли большой вклад в развитие российского земледелия . Благодаря им некогда пустынные земли Нижнего Поволжья превратились в процветающий край.

В данной статье мы кратко остановились о роли уйгуров в области земледелия, садоводства и ремесла в Центральной Азии.

В следующих статьях мы продолжим причины последующих этапов миграции уйгуров по Центральной Азии и в другие регионы мира в XX-XXI веках, а также их роли в социальной, политической, культурной и спортивной жизни стран Центральной Азии.

***Использованные источники***

1. Валиханов Ч. Ч. Сочинения в 5-ти томах. Т.3., Алматы, 1985 г.

Губаева С.С. «Население Ферганской долины в конце XIX - начале XX веков». Издательство Фан, Ташкент, 1991.

3. Газета Иттипак № 2, февраль 2015, Бишкек.

4. «Уйгуры: прошлое, настоящее и будущее». Международная научно-практическая конференция. Сборник докладов, посвященная 25-летию образования Общества уйгуров «Иттипак»КР, состоявшейся 17 октября 2014 года в г. Бишкеке. Издательство «Аят», Бишкек, 2017 г.

5. Газета Иттипак, 3 марта, 2021 г., Бишкек.

6. Журнал «Русская история»,№6, Москва, 2021.

# ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ماقالە ۋە نۇتۇقلىرى

## بىز ئۈچۈن خوش خەۋەر

روس تىلىدىكى «ئازاد شەرقىي تۈركىستان» گېزىتىنىڭ شۇ يىلى 26-يانۋار سانىدىكى «چەت ئەللەردىن خەۋەر» دېگەن رادىئو ئەخباراتى ئالبانىيە ۋە موڭغۇلىيە مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلىرىنى ئېلان قىلغانلىرى توغرۇلۇق خوش خەۋەرنى يەتكۈزدى. بىز ئۈچۈن ھەر بىر ئېزىلگەن خەلقنىڭ ئازاتلىققا چىقىشى ئەڭ زور خوش خەۋەر ھېساپلىنىپ، بىزنى شۇ ھۆكۈمەت قۇللىغىدىن قۇتۇلغان خەلق بىلەن باپباراۋەر شادلاندۇردۇ.

دۇنيانىڭ غەربىدە كىچىككىنە ئالبان خەلقى، شەرقىدە موڭغۇل خەلقى مۇستەملىكىچىلىك تەسىرىدىن قۇتۇلۇپ ھۆر ئازاد، ئۆز ئىختىيارى ئۆز قولىدا بولغان دۆلەتلەر قاتارىغا كىردى.

ئالبانىيە بالقان يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي قىسمىدا يوگوسلاۋىيە، گىرىتسىيە دۆلەتلىرى ۋە ئادرىياتىك دېڭىزى بىلەن چەكلەنگەن تاغلىق كىچىككىنە بىر دۆلەت. يەر مەيدانى 28 مىڭ كىۋادرات كىلومىتىر بولۇپ، بىر مىليوندىن ئارتۇغراق خەلقى بار. مەركىزى شەھىرى تىرانا. 1924-يىلدىن باشلاپ ئىتالىيە تىجاۋۇزلىغىغا دۇچار بولغان ئىدى. يېقىندا خەلقچىل ئاساسىدا ئۆتكۈزۈلگەن سايلاملاردا سايلانغان خەلق ۋەكىللىرى مەجلىسى ئالبانىيەنى «ئالبان خەلق جۇمھۇرىيىتى» دەپ ئېلان قىلدى.

موڭغۇلىيە بولسا، بىزنىڭ شەرقىي شىمالدىكى خوشنىمىز، 1,5 مىليون كىۋادرات كېلومېتىر يەرنى ئىشخال قىلىپ، بىر مىليونغا يېقىن خەلقى ياشايدۇ. 1921-يىلغا قەدەر ئۆزى ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ يېرىم مۇستەملىكىسى ۋە خىتاي مۇستەبىت ھۆكۈمىتىنىڭ مۇستەملىكىسى بولۇپ كەلگەن ئىدى.

خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنى ھايداپ چىقارغان موڭغۇل خەلقى 1921-يىلى موڭغۇل خەلق جۇمھۇرىيىتىنى ئېلان قىلغان ئىدى. لېكىن، موڭغۇل خەلقىنىڭ ھۆر ئازاد ياشىشىنى خالىمىغان ئىستىبدات خىتاي ھۆكۈمىتى مۇستەقىل ياشاپ كەلگەن موڭغۇل خەلقىنىڭ ئىستىقلالىيىتىنى تا شۇ كۈنگە قەدەر تونۇمىغان ئىدى.

2-دۇنيا ئۇرۇشى نەتىجىسىدە خەلقچىل دۆلەتلەرنىڭ غالىبىيەت بولۇشى ۋە خۇسۇسەن دۆنيا يۈزىدە ھەقىقىي خەلقچىل سىياسەتنىڭ يۈرگۈزۈلۈشىگە تەشەببۇسچى بولغان شورالار ھۆكۈمىتىنىڭ ئېزىلگەن خەلقلەرگە نىسبەتەن تۇتقان سىياسىتى نەتىجىسىدە - خىتاي ئىستىبدات ھۆكۈمىتى - موڭغۇل خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىستىقلالىيىتىنى تونۇشقا مەجبۇر بولدى.

بىزگە بىۋاستە چېگارىداش بولغان، بىز بىلەن تارىخىي باغلىق ۋە تەقدىرى بىر بولغان موڭغۇل خەلقىنىڭ ئۆز ئىستىقلالىيىتىنى قولغا ئېلىشى، بىز شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى چەكسىز شادلاندۇردۇ.

ياۋروپانىڭ چوڭ دۆلەتلىرى بولغان فرانسىيە، بۈيۈك بېرىتانىيە، ئىتالىيە ۋە سابىق گېرمانىيە دۆلەتلىرىنىڭ يەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى قوشقاندا ئاران بىرگە بىر بولىدىغان يېرى بار، بىز بىلەن بىۋاستە چېگراداش، بىر تەقدىرلىك، بىر ئۈمىدلىك خەلقچىل جۇمھۇرىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنى بىزنىڭ خەلقىمىز ئۆزىنىڭ چوڭ ئۇتۇقلىرىدىن ھېساپلايدۇ.

يەنە شۇ گېزىتنىڭ 27-يانۋاردىن چەت ئەللەردىن ئالغان رادىئو خەۋرىدە: لوندوندا ئۆتۈۋاتقان خەلقئارا باش ئاساmبىلىيەنىڭ دۆنيا خوۋۇپسىزلىغىنى ساقلاش كېڭىشىدە، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي دادىل ئىنسانىيەتچىلىگى بار دۆلەت ئېكەنلىكلىرىنى ئىسپات قىلىپ، ئۇكرائىنا س س س ر ۋەكىلىنىڭ ئىندونېزىيە (جەنۇبىي سوماترا، بورلىئون، سىلۇس ...) توغرۇلۇق بەرگەن تەكلىپى پۈتۈن خەلقچىل، ئىنسانىيەتچىلىگى بار دۆنيا تەرەققىيات تەرەپدارلىرىنىڭ دىققىتىنى ئۆزلىرىگە جەلىپ قىلدى.

ئۇكرائىنا س س س ر نىڭ ۋەكىلى ئۆزىنىڭ مەكتۇبىدا ئىندونېزىيە خەلقىگە قارشى بولۇپ تۇرغان جەڭلەردە رەسمى ئىنگلىز ھەربىي قىسىملىرىنىڭ



قاتنىشىپ كېلىۋاتقانلىغىنى ۋە بۇ ئەھۋال داۋام قىلغان تەقدىردە دۆنيا تىنچلىقىنى خەۋپكە سېلىشقا سەۋەپ بولىدىغانلىغىنى بايان قىلدى.

س س س ر ۋەكىلى ئۆز مۇراجىئىتىدە: گىرىتسىيەدە ھازىرقى تۇرغان ئىنگلىز ئەسكەرلىرى مۇئارىبە دەۋرىدىكى يولىنىڭ خەتەرسىزلىگىنى قوغداش مەنپىئىتىنى تەمىن قىلمايدۇ. ھازىرقى دەۋردە ئىنگلىز ئەسكەرلىرىنىڭ گىرىتسىيەدە تۇرۇشى گىرىك خەلقىنىڭ ئۆز ئەركى بىلەن ئۆز دۆلىتىنى ئىدارە قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلىپ، مەسىلىنى كۆپ ساناپ جىددىيلاشتۇرۇپ، دۆنيا تىنچلىغىغا زەربە يەتكۈزىدىغانلىغىنى بايان قىلغان. بىزگە ئوخشىغان ئېزىلگەن خەلقلەر ئۈچۈن بۇ ئىككىلا جايدىكى مەسىلە يەرلىك خەلق ئۆز ئەركىنى ئۆزى قولىغا ئېلىپ دېموكراتىك ھۆكۈمەتلىرىنى قۇرۇپ ئالسا، زور خوش خەۋەرلەردىن بولغۇسىدۇر.

چۈنكى: - ئىندونېزىيە( جاۋا، سوماترا، بورنىئو، سېلېبىس ۋە باشقا ئاراللار) ئەسىرلەر بويىچە جاھانگىرچىلىك سەياسىتىنىڭ قۇللۇق زەنجىرىگە باغلانغان بولۇپ ئەڭ قاتتىق تالانغان مۇستەملىكىلەردىن بىرى ئىدى.

گىرىتسىيە( يونانىستان) پۈلىشا .. 8 مىڭ يىللار بۇرۇن ئافلاتون، ئارىستون، ئەپىكۇر، فيدىس ۋە ئارخىمىدلىرىنى بەرگەن 7 مىليونلۇق يونان خەلقى ئۆز ئەركى بىلەن ئۆز دۆلىتىنى ئۆزلىرى ئىدارە قىلىشلىرى ئەلبەتتە قانۇنىيدۇر. لېكىن، ئايرىم دۆلەتلەر ئاتالانتىك خارتىيەسىگە رىئايە قىلماستىن ئۆزلىرىنىڭ تىجاۋۇزچىلىق سىياسەتلىرىنى داۋام قىلماقچى بولۇدۇ. لېكىن پۈتۈن دۆنيا بويىچە خەلقچىلىق سىياسىتى تەرەققىي تېپىپ خەلقنىڭ ئۆزى تىلىگەن يولى بىلەن دۆلىتىنى ئىدارە قىلىپ دۆنيا خوۋفسىزلىگىنىڭ تەمىن ئېتىشىگە ھېچ قانداق شۇبھە يوق.

بۇ دەۋر تىجاۋۇزچىلىرىنىڭ تانابى تارتىلىدىغاندۇر.

ئاما بىز ئۈچۈن يوقۇردىكى مەسىلەرنىڭ مۇۋاپپەقىيەتلىك ھەل بولۇشى خوش خەۋەردۇر.

1946-يىلى، 3-فېۋرال
(ئازاد شەرقىي تۈركىستاندىن)
مەنبە: ئەخمەتجان قاسىمى. تاللانما ئەسەرلەر. ئۈرۈمچى 1950. 1-5-بەتلەر.

## مىللەتلەر مەجلىسىدە ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ قوشۇمچە قىلغان دوكلادى

مۇھتەرەم ئاتىلار! ئاكىلار ۋە بارلىق قېرىنداشلار!

مەن سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا ئالاھىدە دوكلاد ھازىرلاپ چىققىنىم يوق. ۋەكىللەر توغرىسىدا رەخىمجان ئەپەندى تولۇق چۈشەنچە بېرىپ ئۆتتى. شۇنىڭغا قوشۇمچە بىر ئىككى ئېغىز سۆز قىلىپ ئۆتمەكچىمىز.

خەلقىمىز ئازاتلىققا قوزغالغاندا، ئۇلارنىڭ پائالىيىتى مىنۇت ساناپ ئۆسۈشكە باشلىدى. بىز ھازىر خەلقىمىزنىڭ ھەممىسىنى سەياسەتچى دېسەك خاتا كەتمەيمىز. چۈنكى، خۇسۇسەن خەلقنىڭ ئۆز ئازاتلىق ۋە ئۆز ئەركىنلىگى ئۈچۈن بولۇپ تۇرغان ئىنقىلاۋىي ياكى ئۇرۇش دەۋرىدە ھەر كىمنى ئۆز خەلقىنىڭ تەقدىرى ئەنسىرتىدۇ.

ھازىر خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن سۆھبەت باشلانغاندىن بېرى ھەممە كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى مۇزاكىرە ئۆزىگە جەلىپ قىلدى ۋە ھەممە كىشىلەرنىڭ قولۇغى شۇ مەسىلە ئۈستىدە دىڭ بولۇپ تورۇدۇ.

مېنىڭ ئالدىمدا رەخىمجان، يوللاردىكى تەسراتىنى ۋە چوڭ ۋەقەلەرنى سۆزلەپ ئۆتتى. مەن شۇنىڭغا قوشۇمچە قىلىپ بىر جايىنى كىرگۈزۈپ كېتىمەن.

بىرىنچى نۆۋەت ماشىنىمىزدا ماشىنا بىلەن بېرىپ، خىتاي تەرەپكە ئۆتكەندە، بىزلەر ئاتلىق يۈردۇق. ماناستىن ئۆتكەندە جاڭزا ۋە قازاق قېرىنداشلارنىڭ ئۆيلىرى ۋەيرانچىلىققا ئۇچۇرغانلىغىنى كۆردۇق. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە دېگەندە، بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىز ئالغا بېسىپ ماناسقا يەتكەندە دۈشمەنلەر چېكىنىپ، ماناس ئەتراپىدىكى خەلقلەرنى كوچۈرىمىز دېگەن باھانە بىلەن خەلقنى كېچىسى بىر يەرگە توپلاپ ئېتىپ ئۆلتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى ھەر تەرەپكە چېچىلىپ ۋەيرانچىلىققا ئۇچۇرغان ئېكەن.

ئەمدى ھازىر بىز ئېلىپ بېرىۋاتقان مۇزەكىرەگە ئۆتسەك؛ ھازىر بىز يۈرگۈزۈۋاتقان مۇزەكىرەمىز مۇۋاپپەقىيەتلىك كېتىپ بارامدۇ - يوق؟ دېگەن سوئالغا كېلىمىز. بۇ توغرىسىدا ھازىرقى ۋاقىتتا بىزنىڭ مۇزەكىرەمىز مۇۋاپپەق كېتىپ باردۇ، دېگەن جاۋاپنى بەرسەك بولىدۇ.

چۈنكى، بىز بىرىنچى نۆۋەت بارغىنىمىزدا بىزلەرنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىزنىڭ خەلقىمىزگە يەرلىك ھۆكۈمەت ( شەنگەنلىكنىڭ مۇئاۋىنلىغىنى) بەرمەكچى بولۇپ شەنگەنلىك خىتاي ھۆكۈمىتى تەرەپتىن بولسۇن دېگەن تەكلىپىنى قىلغان ئىدى. بۇ مۇزەكىرەمىزنى توختاتماستىنلا بېرىلگەن تەكلىپنى خەلقىمىزگە ئېلىپ كەلدۇق. بۇ تەكلىپلەرنى ھۆكۈمىتىنىڭ مۇزاكىرە قىلىش نەتىجىسىدە بىزلەرنى ئىككىنچى نۆۋەت يەنە مۇزاكىرە يۈرگۈزۈشكە ئەۋەتتى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن مۇزەكىرەمىزنى داۋام قىلدۇرۇش نەتىجىسىدە كۆپ ئۇتۇقلارغا ئېگە بولدۇق.

ئىككىنچى نۆۋەتتىكى مۇزاكىرە نەتىجىسىدە مەركىزى خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستان تۇپرىغىدىن قايتىدىن ھۆكۈمەت قۇرغاندا ئۇنىڭ 15 كىشىسى ئۇيغۇرلاردىن، قالغانلىرى (10 كىشىسى) خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بەلگۈلەنسۇن.

(داۋام 11-بەتتە)

www.uyghurkitap.com



# Уйғурларда мәдәнийәт вә ислам

(Ахири. Беши 5-санда)

Ғәрб дуниясидики һазирқи заман пән-мәдәнийәт тәрәққиятиға зор төһпиләрни қошқан милләт вә дөләт әллири нахша – музикини өз ичигә алған универсал мәдәнийәт - сәнъитигә алаһидә әһмийәт бериду. Бу әлләрдә сәнъәтниң җәмийәтниң мәнивий истемалидики орни жуқири болиду, сәнъәткарларниң һөрмити вә җәмийәттики орниму қәдирлиниду. Ғәрб әллиридә әң иқтидарлиқ талант егилири сәнъәткарлардур, дегән қараш умумлашқан. Ғәрбтә жуқири тапавәт қилидиғанларму тонулған нахшичи, музикант қатарлиқ сәнъәткарлардур. Мәсилән: буниң үчүн хәлиқаралиқ чолпанлардин Майкл Жексон (Michael Jackson), Ханиш Гага (Lady Gaga) Мадонна (Madonna) қатарлиқларни мисал кәлтүрәләймиз. Әрәб дуниясидин өткәнки әсирниң алдинқи йеримида әрәб милләтчилиги вә миллий ойғиниш дәвридә пүтүн дунияға тонулған мисирлиқ аял Чолпан, әрәбләрниң қәлбидә әң жуқири һөрмәткә егә болған классик әрәб музикисиниң пешвачиси, нахшичиси Умм Култһум ханимни (Umm Kulthum) мисал қилалаймиз.

Сәнъәт алаһидә бир туғма вә ирсийәт характерлиқ талант тәләп қилидиған кәсип. Бир адәм төрт күн үгәнсә, моздуз яки ашпәз болалайду, әмма у кишидә туғма вә ирсийәтлик талант, үгиниш қизғинлиғи болмиса музикант яки нахшичи болалмайду. Грек пәләсопи Платон ейтқандәк, «сәнъәтниң җан томури болған музика у инсан әқил-параситиниң ашкарә һалда әң йүксәк дәриҗидики намайәндисидур.»

Ғәрб алимлири нурғун илмий тәтқиқат вә тәҗрибиләрдин кейин музика адәм меңисиниң тәпәккур, хатириләш вә инкас иқтидарлирини илгири сүридиғанлиғини испатлиди вә шу вәҗидин бир қисим дохтурханиларда бемарларни музика билән давалаш кәсиплирини йолға қойди. Демәк, сәнъәт адәмләрниң ички дуниясиға тәвә тәпәккурлири билән зич бағланған. Җүмлидин, әгәр сиз музикини чүшәнсиңиз, музика аңлашни билсиңиз, у тәбиийки сизниң дунияни тәпәккуриңизға бағлап чүшинишиңизгә ярдәмчи болалайду.

Ундақта әнди гәпни өзимиздин башлайли: уйғурлар башқа тәрәққий қилған дөләт вә милләтләрдәк тәрәққиятқа муһтаж, илим-пән арқилиқ гүллиниш, иқтисадий вә мәнивий йеңи тәрәққиятларға еришиш, уйғур миллий мәвҗутлуғиниң һулини мустәһкәмләш, һәммимизниң бу әсирдики алий интилишидур. Әмма, бу интилиш һәргизму әдәбият - сәнъәткә сәл қараш бәдилигә әмәлгә ашмаслиғи керәк. Шуни есимиздә тутушимиз зөрүрки, ғәрбтики тәрәққий қилған әлләр өз тәрәққиятини икки чоң күч бойичә өлчәйду, униң бир қаттиқ күч (пән техника асасидики жуқири техникилиқ жирик санаәт тәрәққият күчи), иккинчиси юмшақ күч (бу иҗтимаий, иқтисадий вә мәдәний күч). Әгәрдә бир дөләт пән-техника вә санаәттә пәвкуладдә тәрәққий қилған болсиму, әмма мәдәний вә иҗтимаий саһәләрдә тәрәққий қилмиса, бундақ дөләт бурун яратқан тәрәққиятлирини тәдриҗий вәйран қилиду. Бундақ дөләт ахир мәнивийәт вә роһийәт гадайлиғиға петип, заваллиққа йүз тутиду.

Йеқинқи жиллардин буян һә десила уйғур мәдәнийитиниң түврүги болған уйғур муқам, нахша-музика сәнъитигә сәлбий қараш шамили күчәймәктә. Әгәр бу шамал биртәрәплик һалда давамлиқ күчәйсә, әслидинла асасий аҗиз, тәвринип турған уйғур миллий кимлигигә наһайити көп зиянларни елип келиши мумкин.

Күнимиздики ишәнчлик мәнбәләрдин билишимизчә, һазир түрлүк уйғур иҗтимаий алақә васитилири, таратқу вә медияларда, җамаәт иҗтимаий сорунлирида бәзи қериндашлиримизниң «Норуз байрими һарам», “Нахша-музика һарам” дегәндәк пәтиваларни бериши нәтиҗисидә уйғур миллитиниң мәдәнийәт кимлигидики әң муһим тәркиб болған сәнъити, җүмлидин нахша-музикиси һарам дәп қарилидиған вә сәнъәткарларға һақарәт қилидиған наәхлақий қилмишлар көпәймәктә.

Уйғур нахша - музикисиниң уйғур җәмийитидики иҗтимаий қиммитиниң миллий хусусийәт бойичә җәмийәтни вә яш әвлатларни «уйғурлуқ» мәдәнийәт уқуми билән тәрбийиләштә, уйғур ана тилиниң гөзәллигини һес қилдурушта, болупму ғәрб әллиридә туғулуп, чоң болған яшларни өз мәдәнийитини сөйүп,



чоң болушқа дәвәт қилишта ойнайдиған иҗабий роли наһайити муһимдур.

Уйғур әдәбият сәнъитиниң тәрәққиятида, җүмлидин, санимиз наһайити аз болған, нурғун дөләтләргә тарқилип яшаватқан санақлиқ уйғур муһаҗирәт топлуқлирида, биз сандин көпирәк сүпәткә, сүпәт арқилиқ нәтиҗигә диққитимизни мәркәзләштүрүшимиз, хәлқимизниң роһий вә мәнивий еһтияҗини һәр вақит есимиздә тутушимиз керәк. Кәлгүсидә биз уйғурлардинму Майкл Жексон, Мадонна яки Ханиш Гага дәк дунияви чолпанлар чиқарму? Яки болмиса Оттура Асия вә дунияға тонулған хошнимиз Өзбәкистанниң Севара Назирхан, Шерәли Җораев, Юлдуз Османова дәк чолпанлири чиқарму?

Дәрвәқә, биз уйғурлар сәнъәтхумар, хуш чақчақ, тәбиитимиз очуқ, аққөңүл хәлиқ. «Қаға өз балисини ақ дәйду» ки, һәргиз қара демәйду. Шуңа биз уйғурлар өз сәнъитимиздин һәр вақит пәхирлинишимиз керәкки, униңдин чанмаслиғимиз, униң тоғра йөлиништә дунияви тәрәққияти учун издинишимиз, өзимизниң путиға өзимиз палта чепиштин сақлинишимиз керәк. Биз аввал өзимизни мәдәнийәт, сәнъәт, тил вә дилдаш хошниллиримизға, андин дунияви сәнъәт саһәсигә селиштурсақ, биз өзүмизниң қанчилик арқида екәнлигимизни байқаймиз. Уйғур сәнъитиниң тәбиий җәлп қилиш күчи, чәклимисиз әркин иҗадийәт иритиш вә орунлаш иқтидарлири аҗиз. Уйғур сәнъити, болупму уйғур муқам, нахша-музикиси әнъәнивийлигини сақлиған асаста техиму тәрәққий қилдурушқа муһтаждур.

Уйғур сәнъити он нәччә жиллардин буян башқа милләт сәнъәтлири билән рикабәтлишиш енидин мәһрум болуш, йеңилиқ иритиштин чекиниш яки өз изида тохтап қелиштәк бурукчурма һаләтләр сәвәблик, хәлқимизниң нахша-музика истемалида һә десила өзбәк, хитай, һинди, түрк, әрәб, европалиқларниң сәнъәт услуби вә мәнбәлиридин көчүрмикәшлик қилидиған әһваллар әвҗ елип, көзгә көрүнәрлик шалғут уйғур нахша – музика сәнъитиму пәйда болғили хели вақитлар болуп қалди. Мундақ болуши тәбиийки, уйғур нахша-музика сәнъитиниң хәлқимизниң, болупму яшлиримизниң еһтияҗини қандуралмиғанлигидин болған дәп қарисақ хаталашмаймиз. Сәнъәткарлиримиз буниңдин кейин имкан бар хәлиқара сәһниләргә чиқиш пурсәтлирини қолға кәлтүрүши керәк. Уйғур сәнъитиниң өз әнъәнисисини сақлиған һалда дәвиргә маслишип тәрәққий күчини ашуришимиз зөрүр. Уйғурлар нахша-музика сәнъитидә даим импорт қилғучилиқтәк пассип истемалчилиқ орнидин чиқарғучи- актив експорт қилғучилик орунға өтүши керәк. Әгәр шундақ бир мувәппәқийәт сәнъитимиздә шәкилләнсә уйғурлар һеч болмиса дәсләпки қәдәмдә болсиму, өзиниң юмшақ күчи барлиғини, өзлириниң мәвҗутлуғини мәдәний дунияға мәдәний шәкилдә билдүрәләйдиған болиду.

Исламийәт нөктидин ейтқанда, яратқучи Аллаһ бу дунияға һәммә инсанларни бир - бирлиридин айрим қилип рәңги, тили, яшайдиған земинини вә мәдәнийитини пәрлиқ қилип яратти. Аллаһниң инсанларни яритиш принциплириға асасланғинимизда пәрқлиқ қовм- милләтниң ислам диний қаидилирини иҗра қилиш билән биргә өзиниң миллий хасликқа егә мәдәнийәт - сәнъәтлирини риваҗландуруш Аллаһниң бәндиләрни яритиш әқидилиригә мухалип бир иш әмәстур. «Вәтәнни сөйүш исламниң җүмлисидиндур”, демәк вәтәнни сөйүш исламниң җүмлисидин болса, шу вәтәнгә егидарлиқ қилиш бир хас қовм - милләт тәрипидин әмәлгә ашурулиду, өз нәвитидә милләтни милләт қилип шәкилләндүридиған амил өз тил - йезиғи, мәдәнийити вә яшайдиған тәвәлик



топриғидур. Уйғур сәнъити - мәдәнийәт категорияси ичидә тәбиийки миллитимизниң милләт болуп туруши вә риваҗлинишидики кәм болса болмайдиған тәркиптур.

Қисқиси, бу йәрдә исламий әқидә, вә миллий хаслиқтики мәдәнийәт оттурисида һеч бир бир - бирсини рәт қилидиған асас йоқ. Ислам дуниясида нахша- музика сәнъити билән милләт, һакимийәт вә динниң мунасивәтлири өткәнки әсирниң башлирида тоғра бир тәрәп қилинип болған болуп, буниң мисаллири сүпитидә ислам дуниясида баш көтәргән милләтчилик һәрикәтлириниң әвҗ елиши билән ислам дуниясидики әң чоң мусулман әрәб дөлити - Мисир падишаһи Фәудниң беваситә йетәкчилигидә 1932 - жили, 3- айниң 14 - күнидин 4 - айниң 3 - күнигичә Қаһирәдә өткүзүлгән «Қаһирә әрәб музика қурултейи» вә бу қурултайниң ечилиши арқилиқ әрәб дуниясида исламда нахша - музика вә сәнъитини чәкләйдиған һаһишларға тунҗи кетим хатимә берилгәнлигини, шуниңдәк ислам байриғи билән өз территориясини 3 қитъәгә кеңәйтип 500 жил һөкумиранлиқ қилған дуния түркий дөләтлириниң ичидики бирдин- бир чоң дөләт Осман империясигә варислиқ қилип қурулған Түркия җумһурийитиниң қурғучиси Мустафа Камал Ата Түркниң 1920 - жиллиридин башлап Түркия түрклириниң өз әслигә - түрк милләт кимлигигә қайтиш вә Түркия Түрк дөлитини қайта қуруш һәрикитини мисал қилип көрситиш арқилиқ өзимизгә қанаәтлинәрлик җаваблар тапалаймиз дәп ойлаймән.

Аримиздики бәзи қериндашлиримизниң, һә десила чекидин ашқан исламчилиқ хаһиши билән уйғур сәнъити, нахша - музикисини қандақтур аталмиш исламчилиқ рамкиси ичидә «пәтивалар» билән боғушқа урунмаслиғи керәк. Уйғур миллитиниң милләт сүпитидә сағлам тәрәққий қилишиға көңүл болуп, уйғурларниң умумий бир милләт гәвдисини нәзәрдә тутқан һалда уйғур мәдәнийити вә сәнъитиниң миллий мәнпәәтигә яриша сағлам риваҗлинишини капаләткә егә қилиш, дәстәк болуш вә қоғдаш биз тәвә болған барлиқ милләт әзалириниң бурчидур.

Уйғур мәдәнийәт - сәнъитиниң уйғур җәмийитидики орни вә униң кәң милләт әзалирини миллий аң бойичә тәрбийиләштики әһмийити наһайити муһим. Уйғур күйлиригә, уйғур нахша - музикисиниң уйғур һаятидики истимал орниға қарисақ, уйғур һаятини уйғурниң музика сәнъитисиз тәсәввур қилалмаймиз, чүнки уйғур музика – сәнъити уйғур болушниң кам болса болмайдиған бир сүпитигә айлинип болғанлиғидур.

Бүгүнки күндә вәтәндики хәлқимиз «уйғур болуш» ниң бәдилини иссиқ қан билән Хитайниң җаза лагерлирида өтимәктә. Пүтүн бир милләт сүпитидә Хитайниң ирқий қирғинчилиғиға учрап, йоқулуш гирдабида туруватқан уйғур миллити учун уйғур кимлигини, уйғур мәдәнийитини сөйүш вә бу тәвәрүк мәдәнийәтни сақлап келиш һәр бир уйғурниң миллий вә инсаний мәҗбурийитидур.

Шуңа, уйғурлар учур дәвридә, бүгүнки дунияниң бир гәвдилишиши тезлимәктә, шуңа уйғурлар имкан бар дуния билән биргә гәвдилишишкә йүзлиниш пурситини мәһкәм тутиши, әң аддийси - өзлириниң мәвҗутлуғини җаһанға билдүрүп туруши һәр тәрәпләрдин зөрүрийәттур. Болупму дуния җамаитиниң диққитини уйғурларға мәркәзләштүрүштә сәнъәтни ойнайдиған роли интайин әһмийәтлик болиду. Шундақла, уйғур сәнъити җүмлидин нахша-музикиси дуния сәһнисигә чиқса хәлқимизгә мәнивий шөһрәт, ишәнч, иззәт, өзлүк вә мәвҗутлуқ туйғуси елип кәлсә келидуки, һәргиз зиян елип кәлмәйду. Уйғурлар бүгүнки күндә тарихтики һәрқандақ вақиттикидинму бәкрәк дуния әһлиниң өзини тоғра чүшинишигә муһтаж.

Уйғур мәдәнийити дуниядики йетүк сеһри күчкә егә бай мәдәнийәтләрниң бири. Бу мәдәнийәт бизни Чиңгизхан империясидин қандақ сақлап қалған болса, кәлгусидиму, әгәр биз бу гөзәл мәдәнийитимизни қәдирләшни, сөйүшни, униңға тоғра варислиқ қилишни билсәк, шуниңға ишинимизки, бу тәвәрүк мәдәнийитимиз бизни, уйғурларни һазирқи хитай баласидинму сақлап қалалайду. Чүнки, инсан тарихи бизгә шуни дәлиллидики, дунияви шөһрәт қазанған аләмшумул империяләрму әсирләрдин кейин гумран болуп, тарих сәһнисидин ғайиб болған, әмма күчлүк мәдәнийәткә егә милләтләр болса өз мәвҗутлиғини, өзиниң мәдәнийитини қәдирләш вә униңға варислиқ қилиш арқилиқ сақлап қалалиған.

**Әзиз Әйса Әлкүн тори.**

**2021- жили, 19- апрель.**

# ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ماقالە ۋە نۇتۇقلىرى

## مىللەتلەر مەجلىسىدە ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ قوشۇمچە قىلغان دوكلادى

(ئاخىرى، بېشى 9-بەتتە)

ھەم تۆۋەن ئىدارىلەردە ئىش ئېلىپ بېرىش ئۇيغۇرچە تىلدا، يۇقۇرى ئىدارىلەردە ئۇيغۇرچە ۋە خىتايچە تىلدا (يېزىقدا) ئىش يۈرگۈزۈلسۇن. بۇنىڭدىن باشقا مەتبۇئاتتا، سۆزدە، سايلامدا، تەشكىلاتلار قۇرۇشدا تولۇق ھوقۇق ۋە ھۆرلۈك بېرىشنى، سودىگەرلەرگە ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىچكى ۋە سىرتقى سودىلىرىنى قىلىشقا تولۇق ھوقۇق بېرىشنى، مىللىي ئەسكەرلەر قىسىملىرىنى ساقلاپ قىلىشنى ۋە تەشكىل قىلىشنى تەكلىپ قىلدى.

دېمەك، بىرىنچى نۆۋەتتىكى مۇزەكىرەمىزگە قارىغاندا، ئىككىنچى نۆۋەتلىك مۇزەكىرەمىز يەر بىلەن ئاسماندەك پەرىق قىلىدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشى بولسا، بىزنىڭ قودرەتلىك كۈچىمىزنى خىتاي ھۆكۈمىتى تونۇغانلىقتۇر. خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن 120 سائەتلىق مۇزاكىرە قىلىشىمىز جەريانىدا خىتاي ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى بىزلەرنى 60 سائەت بومباردىمان قىلغان بولسا، بىز خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرىنى 60 سائەت بومباردىمان قىلدۇق. مۇزەكىرىنىڭ بېرىشىغا قارىغاندا بۇنى موۋاپپەقىيەتلىك رەۋىشتە ھەل بولمايدۇ دەپ ئېيتالمايمىز.

ئەلبەتتە مۇزەكىرەمىزنى يەنە دەۋاملاشتۇرۇشىمىز نەتىجىسىدە مەسىلە تىنچلىق يولى بىلەن ھەل بولۇپ كېتىدۇ، دەپ ئۈمۈد قىلىمىز. لېكىن مەسىلە تىنچلىق بىلەن ھەل بولىدىكەن دەپ سەپەرۋەرلىگىمىزنى بوشۇتۇش ئەسلا يارىمايدۇ. ئەمدى بىز ئارقا سەپنى مۇستەھكەم قىلىپ ئەسكەرلىرىمىزنى زىرەكلىك بىلەن تۇتساق، تىنچلىق يولى بىلەن بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشىمىزغا ھېچ قانداق شەك شۈبھە يوقتۇر.

1946-يىلى، 3-يانۋار
(ئازاد شەرقىي تۈركىستاندىن).
مەنبە: ئەخمەتجان قاسىمى. تاللانما ئەسەرلەر. ئۈرۈمچى 1950. 6-9-بەتلەر.

## 12-نويابر مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلابىمىزنىڭ 3-يىللىغىنى خاتىرلەش يىغىنىدا مۇئاۋىن رەئىسى ئەخمەتجان قاسىمىي جانابلىرىنىڭ سۆزلىگەن نۇتقى

ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار!

بۈگۈن بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ ئەسىرلەردىن بېرى بويىنغا سېلىپ كەلگەن ئىستىبدات زەنجىرلىرىنى ئۈزىمىز دەپ مىللىي ئازاتلىق كۈرەش مەيدانىغا چىققىنىغا 3 يىل تولغان كۈن. شۇ جۈملىدىن پۈتۈن دۇنيا ئەركىن خەلقلىرى ئۈستىگە قوشۇمچە قوللۇق زەنجىرىنى سالىمەن، دۇنياغا يالغۇز ئىگىدارچىلىق قىلىمەن، دۇنيا خەلقىنى يالغۇز ئۆزەمگە بوي سوندۇرۇمەن, دەپ 2-دۇنيا سوقۇشنى باشلىغان دۇنيا فاشىزىمىنىڭ تار-مار كەلتۈرۈلۈپ ھالاكەتكە ئۇچرىغىنىغا 2 يىل تولۇپ تاشقان بىر مەزگىل-دۇنيا سوقۇشى باشلىنىپ، خەلقچىل دەپ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان فاشىزىمغا قارشى كۈرەش ئېلىپ بېرىۋاتقان، پۈتۈن دۇنيا ئەركىنلىك سۆيگۈچى خەلقلىرىگە فاشىزىم بىلەن قوللۇق يوقۇلۇدۇ دېگەن ئۈمۈد تۇغۇلغان ئىدى. ئەنە شۇ ئۈمۈد بىلەن پۈتۈن دۇنيا ئازاتلىقپەرۋەر خەلقى سەپەرۋەر بولغان ئىدى.

فاشىزىم، بىرلەشكەن خەلقچىل كۈچنىڭ ئىنسانىيەت دۇنياسى تارىخىدا كۆرۈلمىگەن ماددى قىينچىلىغى ۋە ئىنسانىيەت دۇنياسى تارىخىدا كۆرۈلمىگەن قۇربان بېرىشلەر نەتىجىسىدە يەر بىلەن يەكسەن قىلىندى. ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان فاشىزىمنىڭ ھالاكىتى، پۈتۈن دۇنيا خەلقىنى خوسۇسەن قوللۇقتا ياتقان مۇستەملىكە ئەللىرىنىڭ سەياسى ئەركىنلىگىدىن ۋە ئازات، ھۆر بەختلىك تۇرمۇشىدىن ئۈمۈدلەندۈرگەن ئىدى. فاشىزىمنىڭ تارمار كەلتۈرۈش بىلەن دۇنيا خەلقىنىڭ ئەركىن ھايات كۆچۈرۈشگە ۋە دۇنيادا ئەبەدىي تىنچلىق ئورنۇتۇلۇشغا زىمىن ھازىرلانغان ئىدى.

ئاما فاشىزىم ھالاكىتكە ئۇچرۇشى بىلەن دۇنيادىكى مەزلۇم ئەللىرى ئەركىنلىك تەلەپ قىلىپ مەيدانغا چىققاندىن كېيىن، دۇنيا رېئاكسىئونلىرى بۇنىڭدىن ناھايىتى قورقۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن دۇنيا رېئاكسىئونلىرى بىرلىشىپ ئازاد، ئەركىنلىك، بارابەرلىك تىلىگۈچىلەرگە قارشى سەپ تەشكىل قىلىشقا ئۇرۇندى. يوقۇلۇشقا يۈز تۇتقان دۇنيا رېئاكسىئونېرلىرىنىڭ بىرلەشمە كۈچى نەتىجىسدە ئايرىم مەملىكەتلەردە خەلقچىلىق تەرەپتىن زەربىگە ئۇچراپ يوقۇلۇش ئالدىدا تۇرغان دۇنيا رېئاكسىئونېرلىرىنىڭ (ئەكسىل ھەرىكەتچىلىرىنىڭ) دۇمباقچىلىرى مۇستەملىكچىلىك سەياستىنى ساقلاپ قىلىش، ئىستىبداد ھاكىمىيىتىنى تىكلەش، دۇنيا خەلقىنى قايتا قۇل قىلىش ئىشىنى يۈرگۈزۈش ئۈچۈن ھەرىكەتكە كەلدى.

شۇ جۈملىدىن مەملىكەتتىكى رېئاكسىئونېرلار ھەرىكەتكە كېلىش بىلەن ئۆلكىمىزدىكى رېئاكسىئونېرلىرىنى ھىمايە قىلىپ كۈچلەندۈرۈپ، خەلق ۋەكىللىرىنىڭ ،خەلقچىلقنى پۈتۈن ئۆلكە بويىچە قانات يايدۇرۇمىز ، دېگەن بۈيۈك ئۈمىدى مۇستەبىت ئۇنسۇرلارنىڭ ھەر تەرەپلىمە توسقۇنلۇق قىلىشى نەتىجىسدە ئەمەلگە ئاشمىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتنىڭ 3-يىللىغى بولغان بۈگۈنكى كۈندە ئۆلكىدە يۈرگۈزۈلگەن قۇرۇلۇش ئىشلىرى مەدەنىي مائارىپىنىڭ يۈكسىلىشى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشى، يېڭى ئۆستەڭلەر چېپىلىپ، يېڭى يەرلىرىنىڭ ئېچىلىشى ۋە باشقىلار توغرۇلۇق سۆزلەشكە ھەم ئورۇن قالمىدى.

بۇ ھەقتە ئۆلكىنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى قايتا تەكرارلاشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى، يېقىندا جاڭ جى جۇڭ ئەپەندىنىڭ خىتىگە يېزىلغان جاۋاپ خېتىمىزدە بىر يىللىق جەريان ئىچىدىكى ئۆتۈلمىش ۋەقەلىرىنى بايان قىلغان ئىدۇق.

ئۆلكىمىزدىكى رېئاكسىئون مۇستەبىت ئۇنسۇرلار ئۆز ئىختىيارى بىلەن مەيداندىن كېتىشنى خالىمايدۇ. ئۇلار ئىلاجى بولسا، خەلقچىلىقنى بۇزۇشقا ۋە ئۇنى تارمار قىلىشقا ئۇرۇنۇدۇ. لېكىن ئۆلكومىزدە خەلق كۈچى مۇستەھكەم بولغاچقا ئۇنى بۇغۇشقا ئاجىزلىق قىلىپ، بىرلەشكەن كۈچنى بۆلۈشكە ھەرىكەت قىلىدۇ.

مانا بۇ مۇستەبىت قالدۇقلىرىنىڭ ئىستىبدات ھاكىمىيتىنى قايتا تىكلەپ، قۇللۇق سەياستىنى يۈرگۈزۈشدىكى بىردىن-بىر قوللۇنىدىغان يولى ۋە ئۇسۇلى. ئۆلكىدىكى مۇستەبىت قالدۇقلىرى ۋە رېئاكسىئون ئۇنسۇرلار خەلقچىلىق كۈچنى بىراق بۇغۇپ تاشلاشقا كۈچى يەتمىگەنلىكتىن، خەلقچىلىق كۈچنى تەشكىل قىلغان خەلقنىڭ بىرلەشكەن كۈچنى بۆلۈش ۋە پارچىلاشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ.

ھەممىڭىزلەرگە مەلۇم، پۈتۈن خەلقىمىز ئۆلكە خەلقنىڭ خەلقچىلىق ئاساسىدىكى تىنچلىقنى تەمىن ئېتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقاندا رېئاكسىئون ئۇنسۇرلار، خەلق تىنچلىغىنى بۇزۇش سەياسى كۈرەش قىلىپ، ئادالەتكە قارشى ناھەق كۈرىشى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغانلىقتىن، ھەربى باسقۇنچىلۇق قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. ئالتايغا 2 قېتىم باسقۇنچىلىق قۇراللىق ھەرىكىتىنى يۈرگۈزۈپ باقتى. بۇنىڭدىن تاشقىرى ئۆز ئىچىمىزدىن ئايرىم مەنسەپكە قىزىققۇچى، پۇلغا ئالدانغۇھى، ئۆزخەلقىنىڭ مەنپەئەتىگە قارشى ھەرىكەت قىلىدىغان قارا يۈز ئۇنسۇرلارنى سېتىپ ئېلىپ، ئۇلارنىڭ قولى بىلەن قوراللىق كۈچ تەشكىل قىلىپ، پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنىڭ خەلقچىلىق ئاساسىدىكى تىنچلىغىغا كاپالەت بېرىدىغان 3 ۋىلايەتكە ھوجۇم قىلىپ، باشقا ۋىلايەتلەرنى 3 ۋىلايەتكە قارشى قويۇپ، 3 ۋىلايەت خەلقىنىڭ قانلار ۋە ئەزىز جانلار بەدىلىگە كەلگەن ھوقۇقىنى يوقاتماقچى. بۇ ھەرىكەت بۈگۈن ھېچ بىر سىر ئەمەس، ھەممىگە مەلۇم.

دۈشمەنلەرنىڭ بۇ خىيالى خام خىيال! ئەكسىل ھەرىكەتچى ئۇنسۇرلەر خەلقنى قول قىلىش ھەرىكتىنى قانچە جىددىيلەشتۇرگەنسىرى خەلق سىپى چىڭىماقتا! ئەكسىل ھەرىكەتچىلەر بارلىق كۈچى بىلەن چىڭقىلىپ 7 ۋىلايەت خەلقىنى 3 ۋىلايەت خەلقىگە قارشى قويۇشقا ئۇرۇنغانسىرى 7 ۋىلايەت خەلقىنىڭ مۇھەببىتى 3 ۋىلايەت خەلقىگە ئارتماقتا. (ئالقىشلار).

ئەكسىل ھەرىكەتچىلىرى بارلىق ۋۇجۇدى بىلەن 7 ۋىلايەت خەلقىنى 3 ۋىلايەتكە قارشى قويۇپ باسمىچىلىق يۈرگۈزۈشكە ھەرىكەت قىلسا، پۈتۈن ئۆلكە خەلقى، خەلق ھوقۇقىنىڭ كاپالەتلىك ۋە تىنچ خاتىرجەم ياشاش تۇرمۇش كاپالىتى يالغۇز 3 ۋىلايەتتە ئىكەنلىگىنى كۆرمەكتە. نەتىجىدە ئەكسىل ھەرىكەتچىلەر بىزلەرگە نىسبەتەن كولىغان ئورىغا ئۆزلىرى چۈشمەكتە!(ئالقىشلار).

قەدىرلىك قېرىنداشلار!

بۈگۈن بىز غۇلجا شەھەر ئازاد مەيدانىدا ئەركىن ھايات كۆچۈرگۈچى خەلق، ئۆزىمىزنىڭ ئەركىنلىگىنى بايرام قىلماقتىمىز. ياخشى بىلىشىمىز كېرەك، پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنىڭ بەخت سائادەتلىك تۇرمۇشىنىڭ كېپىللىگىنى ھازىر جىم ياشاشنىڭ كېپىللىگى ۋە تاياىچى يالغۇز مۇشۇ 3 ۋىلايىتىدە ئىكەنلىگىنى كۆرسەتمەكدىمىز.

3 ۋىلايەت خەلقى سەياسى ھوقۇقنى قولغا ئېلىپ، خاتىرجەم كۈن كۆچۈرۈش بىلەن مەغرورلىنىپ، تىنچ تۇرۇش يارىمايدۇ. پۈتۈن ئۆلكە خەلقىمىز ھەم ئانداق چۈشەنچىسدە ئەمەس. ئەكسىل ھەركەتچى ئۇنسۇرلىرىنىڭ ئېغۋا ھەرىكەتلىرىگە يول قويماسلىق ئۈچۈن سەپنى مۇستەھكەم چىڭىتىش بىلەن، خەلقىمىزنىڭ تىنچ ھاياتى ۋە خاتىرجەملىگىنى ساقلاش ئۈچۈن، ئەكسىل ھەرىكەتچىلىرىگە ئەجەللىك زەربە بېرىش زۆرۈر. بەزىلەرگە ئىلگىرى كېيىن ھەم مۇستەھكەم بەلنى باغلاپ ئەكسىل ھەرىكەتچىلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىش كېرەك.

بىز ئەركىن ھايات كۆچۈرمەكتىمىز. بىز ئەركىنلىگىمىزنىڭ 3-يىللىغىنى بايرام قىلماقتىمىز. ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش باشلىغان بۇ كۈنىمىزنى پۈتۈن ئۆلكە خەلقى بىلەن بىرلىكتە خاتىرجەم تىنچ ھايات باشلانغان، خەلقچىلىق ئۆلكە بويىچە جارى قىلىنغان كۈنى مۇندىن ھەم تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلىشنى ئۈمۈد قىلىمىز.( گۈلدۈرۈس ئالقىشلار).

شۇنىڭ ئۈچۈن ئەركىن ھايات كۆچۈرگۈچى خەلقنى بۈگۈنكى ئەركىن مەيدانىدا ئۆتكۈزگەن بايرام بىلەن تەبرىكلەپ بۇنىڭدىن كېيىن ھېچ چارچىماي، بەلنى مەھكەم باغلاپ، كېچە-كۈندۈزلەپ پۈتۈن ئۆلكۈنىڭ تىنچلىغىنى ساقلىماق، خەلقچىلىق سەياستىنى ھىمايە قىلماق ئۈچۈن ، خەلقىمىزنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇش كۆچۈرۈشنى ۋە ئۆلكە ئىقتىسادىنى مۇستەھكەملەپ خەلق تۇرمۇشنى ياخشىلاش ئۈچۈن ۋە ئۆلكە خەلقىنىڭ ئومۇمى مەدەنىيىتىنى يۇقۇرى كۆتۈرۈپ، يېڭى زامان ئىلىمنى ئىگەللەپ، ئۆلكىنىڭ ئومۇمى تەرەققىياتقا قاراپ يۈكسىلىش ۋە پارلاق ئىستىقبالى ئۈچۈن مەخسەت قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنىڭ قولغا كەلتۈرۈلگەن سەياسى ئەركىنلىك ھوقۇقلىرىنى، بىرلىك ئىتتىپاقنىڭ چىڭىتىپ تولۇق ھىمايە قىلىشقا چاقىرىمەن.

(گولدۇرۇس چاۋاك ۋە موزىكا).

(«ئويغان» گېزىتىنىڭ 1947-يىل، 20-نويابىردىكى، 14-سانىغا بېسىلغان.

مەنبە: ئەخمەتجان قاسىمى. تاللانما ئەسەرلەر. ئۈرۈمچى، 1950-يىل. 26-33-بەتلەر.

www.uyghurkitap.com



# Язғучини әслигәндә...

12-июнь күни Бишкәк шәһиридики «Туран» кафесида мәрһум Ясин һаҗим Махмуди вә униң аяли мәрһумә Туранкиз һаҗимларға атап хәтми Қуръан өткүзүлди.

Мәрһум Ясин һаҗим вә униң аяли Туранкизниң оғул вә қизлири өткәзгән бу хәтмә Қуръанға мәрһумларниң уруқ-туққанлири вә жутниң һөрмәтлик ақсақаллири, җамаәт болуп нурғун киши қатнашти.

Бу хәтмә-Қуръан мурасимиға рияcәтчилик қилған Покровка уйғур җамаитиниң жигитбеши Ғәйрәт Җаһанов алди билән Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» җәмийитиниң рәиси Әскәрҗан Қасимигә сөз бәрди:

*«Әссаламу әләйкум, һөрмәтлик җамаәт!*

*Биз бүгүн Қирғизстанда тонулған язғучимиз мәрһум Ясин һаҗим Махмуди вә униң аяли Туранкиз һаҗим анимизға атилған хәтмә Қуръанда олтуримиз. Аллаһ Таала бүгүнки қилинған хәйри-ихсанлар бәдилигә, мәрһумләрниң ятқан җайлирини җәннәттин қилип, билип - билмәй өткәзгән гунаһлирини Аллаһ-Таала кәчүргән болсун.*

*Мән Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» җәмийити намидин мәрһумләрниң қалған балилириға, уруқ-туққанлириға чоңқур қайғуруп тәзийә билдүримән вә уларға узун өмүр, бәхит - саадәтләрни тиләймән».*

Нөвәттики сөзгә чиққан мошу қурларниң автори мәрһум язғучи Ясин һаҗим Махмудиниң һаяти вә иҗадийитигә кәң тохталди:

Мәрһум Ясин һаҗим Махмуди Қирғизстанда яшап, өзиниң, язған шеир, һекайә вә сәясий публистикилиқ мақалилири билән җамаәт ичидә кәң тонулған әдиплиримизниң бири еди.

Ясинҗан Махмуд оғли 1931-жили 11-сентәбр күни Уйғуристанниң Или вилайитиниң Күрә районида дунияға кәлгән. У 1937-жилдин 1941-жилиғичә Күрә башланғуч мәктивидә, 1941-жилдин 1945-жилиғичә Ғулҗа Таалийә оттура мәктивидә, 1946-жилдин 1950-жилғичә Ғулҗа «Билим юрти» мәктивидә оқуған. 1950-жили Үрүмчидики кадрлар мәктивигә оқушқа әвәтилиду. У кадрлар мәктивини 1951-жили муваппәқийәтлик тамамлиған болсиму, униң дадиси Махмуд Худабәрдини Ғулҗида «Инқилапқа қарши үнсүр» дәп 12-жиллиқ түрмә җазасиға һөкүм қилғанлиқтин, «синипий тәркиви ят» дегән баһанә билән шу мәзгилдә хитайлар тәрипидин елип берилған сәясий һәрикәтләрдин чәтләштүрүп, аммивий уюши һесапланған Ғулҗа шәһәрлик ишчилар уюшмисиниң ихтиярға йоллайду. У йәрдә тәшкилий, мәдәний-маарип бөлүмлиридә мәсъул хизмәтчи болуп ишләйду. Бу җәриянда Ғулҗа шәһиридики йеңидин қурулған ишләп чиқириш орунлиридики ишчиларни тәшкилләп, асасий қатлам уюшмивини қуруп чиқишқа бевасит қатнишиду. Ишчилар арисидики саватсизлиқни йоқутуш, мәдәний мәшғулатларни йолға қоюш, сәнәт группилирини тәшкилләштүрүш, тән-һәрикәт командилирини қуруш, өз ара мәдәнийәт – сәнәт вә спорт мусабиқилирини уюштуруш ишлирини елип бериду. 1952-жилдин 1954-жилиғичә ишчиларниң 126 кәч курс синипини ечип, 3200-гә йеқин адәмниң савадини чиқириду. Униң талантлиқ тәшкилатчи вә қабилийәтлик тәшвиқатчи екәнлигигә қанаәт һасил қилған мәмурийәт уни Или-Қазақ облуслуқ ишчилар уюшмисиниң тәшкилий-тәшвиқат бөлүмигә мәсъул қилип тайинлайду.

1957-жили Үрүмчидә ечилған «Шинҗаң пән, техникини умумлаштуруш» жиғиниға уни вәкил қилип әвәтиду. Жиғинда у «һазир Или облусида 185 миңдин ошуқ миллий ишчилар ишсизлиқтин қийналмақта. Шуниң үчүн ичкиридин бизгә илмий адәмләр, пән-техника хадимлири кәлсун, аддий ишчиларниң лазими йоқ. Бизниң идарида иккидин ошуқ миллий кадр йоқ. Шуниң үчүн миллий кадрларниң сани көпәйтилсә, миллий кадрларға ишәнмәслик идеяси түзитилсә» дегән пикирләрни бериду. У жиғиндин кейин Ғулҗиға қайтип келиду. «Стил түзүтиш һәрикитидә» Ясин һаҗимни «Йәрлик милләтчи үнсүр», «Синипий тәркиви ят, инқилапқа қарши үнсүр» дәп күрәш қилишқа башлайду. Дадиси Махмуд Худабәрдиниң түрмидә йетиватқанлиғи аз кәлгәндәк, униң өзиниму түрмигә ташлаш хәвипи пәйда болиду. Ясинҗан биринчидин, өзини сақлап келиш; иккинчидин, атисини қутқузуп келиш үчүн вәтәнни тәрик етишкә қарар қилиду. 1959- жили Совет «Иттипақиға» чиқип, Фрунзе (һазирқи Бишкәк) шәһиригә келип орунлишиду. Аз вақит өтмәй «Фрунзе» намидики йеза егилик машинилирни ясаш заводиға ишқа кириду. У йәрдә 1959- жилдин 1969- жилиға қәдәр заводниң инструментал сехида ишләйду. Өзиниң әмгәк паалийәтлиридә жуқури нәтиҗиләргә еришкәнлиги үчүн завод мәмурийити тәрипидин бирнәччә қетим «Һөрмәт граммотиси», медаллар вә маддий мукапатлар билән тәғдирлиниду. Лекин завод һаваси униң саламәтлигигә тәсир көрсәткәнлиги сәвәбидин у 1969-жили Төмүр йол қатнаш идарисиға йөткүлүп, проводник болуп ишләйду. Бу йәрдиму у өзиниң зерәк, ғәйрәтлик вә тиришчан екәнлигини намайән қилиду. Төмүр йолда ишләш җәриянида «Төмүр йолда хизмәт көрсәткән илғар төмүр йолчи» дегән медал вә бирнәччә маддий мукапатларни елишқа муйәссәр болиду. 1991- жили «Әмгәк ветерани» болуп пенсиягә чиқиду. Ясин һаҗим Махмуди 2018-жили, 7–май күни Бишкәк шәһиридә вапат болди.


Ясин һаҗим Махмуди вә униң аяли Туранкиз һаҗим, 2017-ж.

Ясинҗан Махмудиниң әдәбий иҗадийити оттура мәктәптә оқуватқан чағлирида башланған. Униң «Түлкиниң һелиси» намлиқ тунҗа шеири 1953-жили «Или гезитидә» бесилған. Бу шеирида Сүйдүң ишчилар уюшмисида жиғилған пулни бухгалтер хитайниң хиянәт қилғанлиғини паш қилип язған. Кейинки сәясий һәрикәтләрдә әнә шу шеир үчүн күрәшкә елинған. Шу сәвәплик Ясинҗан кейинки язған шеирлирини мәтбуатта елан қилдурмиған. Ясинҗанниң һаятидики алаһидә сәһипә дәп шуни тәкитләш лазимки, у пенсиягә чиққандин кейин қолиға қәләм елип, вәтән, миллат азатлиғи йолида елип бериватқан иҗтимаий, сәясий, қануний қәләм күришигә җан дили билән паал қатнишип кәтти. Мошу ахирқи 10-15 жил җәриянида «Виҗдан авази», «Иттипақ» гезитлири сәһипилиридә давамлиқ шеир, һекайә вә сәясий әмгәклини җарий мақалиларни елан қилип турди. У өзиниң қолида қәләм елишиниң сәвәбини «Қәләм алай қолумға» намлиқ шеирида наһайити еник билдүргән.

***Ей, худа, мәдәт бәргин қәләм алай,***
***Журүгүм вәтән үчүн болди парә.***
***Илтиҗа қилай достқа дәртлиримни,***
***Қәләм-лә, яв көксини қилғай парә.***

Ясин һаҗим Махмудиниң «Һаят йоли» (2004), «Вәтәнгә муһәббәт» (2011), «Болғин мәрданә» (2016) намлиқ шеири, һекайә, мақалилар топламлири нәширдин чиқти. Ясин һаҗим Махмудиниң шеирлириниң көпчилиги ана-вәтән, әзиз тупрақ, муһәббәт, достлуқ темилириға беғишланған.

Поезда проводник болуп ишлигән чағлирида Совет Иттипақиниң нурғун шәһәрлирини көргән. Пенсиягә чиққандин кейинму сода – тиҗарәт билән чәт мәмликәтләргә барған. Әнә шу сәяһәтлиридиму өзиниң ана-вәтинини башқа җайлардин үстүн көрүп, сәргарданлиқ һаятиға ечинип, мундақ дәп язиду.

***Яратқан, мән бир надан бәндән едим,***
***Кәчүргин билмәй қилған гунаһимни.***
***Қитъәләр көрүп кәлдим сәййаһ болуп,***
***Тапмидим елим кәби панаһимни.***

Ясинҗан Махмуди шеирлириниң шәкли хилму-хил, тематика мәзмуни кәң, идеявий мәзмуни чоңқур, тили йеник вә раван, тәсвири җанлиқ вә образлиқ, һессияти җошқун вә муһәббәт нәприти еник болуштәк хусусийәтләргә егә.

Шаир Ясинҗан Махмуди өзиниң «Һаят йоли», «Қәшқирим», «Ухлимаймән», «Тәйяртурун», «Хар қилмаймән анамни», «Таянчимиз анам сән», «Таң атарму?», «Қәләм алай қолумға», «Азар бәрмә мискин дилимға», «Тақитим йоқ», «Сатма», «Күрәш өлмәйду», «Көрүп кәлдим», «Болдум» қатарлиқ көплигән шеирлири арқилиқ өз хәлқини, болупму яшларни вәтәнпәрвәрлик роһта тәрбийәләштә муһим рол атқурди.

Ясин һаҗим Махмуди шаир болупла қалмай, бирнәччә һекайиләрниң автори. У «Таҗихан», «Виҗдан авази», «Пути сунған док ешәк», «Тролләйбуста», «Төмүр қанатлиқ қушлар», «Бу дәрдимни кимгә ейтимән», «Қәпәздики тотиқуш», «Ханниң каллиси», «Айлиханниң күлкиси», қатарлиқ һекайиләрни язған. Язғучи бу һекайилиридә Уйғуристанда вә Совет Иттипақи дәвридә уйғурлар арисида өзи көргән вә аңлиған бәзи вәқәләрни типикләштүрүп йезип чиққан.

Ясинҗан Махмудиниң иҗадийитидә сәясий публистикилиқ мақалилири кәң оқуғучилар тәрипидин алқишқа сазавәр болди. Болупму, униң «Тәғдиримиз өз қолимизда», «Бепәрва туралмаймиз», «Дүшмәндин үгинәйли», «Етиқатимизда чиң турайли», «Синақ» «21-әсир босуғисида», «Милләтни сөйүш идеясини тикләйли», «Сәясәттин чәттә туралмаймиз», «Әсирләр садаси», «Милләтниң ғеми кимниң бойнида», «Милләтчилик дегән немә?», «Биз нәгә кетип баримиз?», «Униң жилтизи нәдә?», «Вәтән давасини ким қилиши керәк», «Милләт мәнпийити һәммидин әла», «Вәтән даваси – мустәқиллиқ үчүндур», «Бизгә пәқәт әркинлик керәк» қатарлиқ сәясий – нәзәрийәвий мақалиларни йезип, миллий мустәқиллигимиз һәм вәтән дәваси һәққидики өзиниң мулаһизилирини оттурға қоюп, хәлқимизниң миллий ғурурини ойғутуш йолидики күришимизгә өзиниң һәссисини қошуп кәлди. Шундақла, «Миллий ғуруримизни йоқатмайли», «Миллий әнъәнимизни сақлап қалайли», «Миллий урп-адитимиз һәққидә», «Миллий тилимиз һәққидә», «Тили йоқ милләт болмайду», «Милләт мәнпийити һәммидин әла», «Әдәп-әхлақ тоғрисида бәзи пикирләр» қатарлиқ мақалиларни йезип, хәлқимизниң миллат сүпитидә сақлинип келишигә вә тәрәққий қилишиға тәшәббускарлиқ қилди.

Ясин һаҗим Махмуди өзиниң миллий һессият билән суғурулған шеирлири, һекайилири, вәтәнпәрвәрлик роһ билән йезилған сәясий мақалилири арқилиқ Қирғизстан уйғур әдәбиятиниң тәрәққий қилишиға өзиниң һәссисини қошти.

Бу жил Ясин һаҗим Махмудиниң вапатиға 3 жил, аяли Туранкиз һаҗимниң вапатиға бир жил толди.

Ясин һаҗим Махмуди һаят болған болса бу жили 90 яшқа толатти. Униң яркин симаси уни билгән, тонуған кишиләрниң қәлбидә мәңгү яшайду.

**Әкбәрҗан Бавдун**



ئامىنە ۋايىت سەدەپ

ئامىنە ۋايىت سەدەپ 1981 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئۇيغۇرىستاننىڭ ئاقسۇ ۋىلايىتى ئۇچتۇرپان ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى ئۇچتۇرپان ناھىيەسىدە كېيىن شىنجاڭ ماشىنىسازلىق ئېلېكتىرون سانائىتى ئالى تېخنىكومدا ئوقۇغان . ھازىر ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي پەنلەر ئىنستىتۇتى ئاياللار تەتقىقاتى كەسپى ئاسپىرانتى . بىر قىسىم ئىجادىي ۋە تەرجىمە شېئىرلىرى "ئىزدىنىش" تور ژۇرنىلى، "ئىتتىپاق" گېزىتى، تۈركچە "يېڭى سەنئەت"، ژۇرناللاردا قاتارلىق ئېلان قىلىنغان. شائىر ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتنىڭ "جىمجىتلىقنىڭ ھېكايىسى" ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلغان بولۇپ، مەزكۇر كىتاب 2021 ـ يىلى 4 ـ ئايدا تۈركىيەدە " ئۇمجا" نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

ريداكسەيە

## گۈزەل رىۋايەت

سىنى قەلبىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىدە ساقلىدىم
سۆيگۈڭدىن ئېرىپ كەتمەي دەپ
مۇزدىن تون تىكىپ كىيىۋالدىم.

سىنى سېغىنغاندا
ئاۋايلاپ ئالقانلىرىمغا ئالدىم
ساڭا ئۇزاق تىكىلدىم
سەن ماڭا باققاندا كۆزلىرىمنى ئەپ قاچتىم.

بۈگۈن
ئاشىقلىق بىز ئۈچۈن چەكلەنگەن مېۋە
مېنى مەندىن سىنى سەندىن ئايرىيدىغان.

مەن قارا قۇتنىڭ ئاغزىنى ئاچقاندا
سەن كۈھقاپتىن چىققاندا
ئاسمان يەرگە چۈشۈپ چېقىلغاندا
مەن چەكلىمىلەردىن ھالقىپ
مەن بولۇشتىن ۋاز كەچكەندە
ئۇيۇق بىلەن دېڭىزنىڭ تۇتاشقان يېرى
بىزنىڭ ئاخىرقى بېكىتىمىز .
ئەنە شۇ چاغدا
چېگرالارنى بۆسۈپ چىقىپ
مۆكۈۋالغان يېرىدىن چىقىدۇ
قېلىن بىر كىتاب.
سەن ساڭا مەن ماڭا ئايلىنىپ
كېزىپ يۈرۈمىز
بىر رىۋايەت بولۇپ .

## كۆلۈپ قوي

كۆلۈپ قوي
كۆلكەڭدىن بەلكى
بۇلۇتلار تارقار
قۇياش تېخىمۇ ئىللىق نۇر چېچىپ
قاراڭغۇ كېچىنى يورۇتار ھەتتا
شۇ كۆلكىدىن تۇغۇلغان بىر ئاي.

كۆلۈپ قوي
نادانلارنىڭ نەسھەتىگە
بىلەرمەننىڭ تەنبىھلىرىگە
كۆلۈپ قوي، پەقەتلا كۆلۈپ،
دوستۇڭنىڭ قىلغان غەيۋەتلىرىگە.

كۆلۈپ قوي ھاياتنىڭ چاقچاقلىرىغا
ۋە بەزەن كۈتمىگەن سىناقلىرىغا
دۇنيادۇر ئۆتكۈنچى كېلەر ۋە كېتەر
كۆلۈپ قوي بەرگەن ھەم ئالغانلىرىغا.

ھاياتتا قوشماقتۇر ئازاب ۋە شادلىق.
كۆلۈپ قوي ھەممىگە كۆلۈپ قوي تاتلىق
كۆلۈپ قوي كۆلكەڭدىن قاچسۇن ئۇزاققا
ساڭا قول سوزۇپ كەلگەن خاپىلىق.

## قارا دېڭىز

ئىسمىڭ قارا
قەلبىڭ يارا
كۆپكۆك سۇلىرىڭ
تارىخنىڭ كۆز ياشلىرى بىلەن ئاچچىق ۋە
قىرتاق تەمگە كىرگەن
غەزەپلىك دولقۇنلىرىڭ
ساڭا كۆمۈلگەن ئاجىزلارنىڭ نالە ـپىغانى
شاۋقۇنلىرىڭ يىراق تارىمدىكى خەلقىمنىڭ
ئاھۇ ـزارىدەك ئېچىنىشلىق
چەكسىز قىرغاقلىرىغا باققىنىمدا
زېمىنىنىڭ كەڭلىكىنى
مۇزدەك سۇلىرىڭدا ئۈزگىنىمدە
رېئاللىقنىڭ سوغۇقلۇقىنى ھېس قىلىمەن
ئەي قارا دېڭىز
سەن قارا قىسمەتلەرنىڭ كانى
قارا تارىخنىڭ شاھىتى
يىراق كەلگۈسىنىڭ خەۋەرچىسى
مۇدھىش رېئاللىقنىڭ شاھىتىسەن
مىنىڭ ئۈچۈن
دولقۇنلىرىڭدا ئۇرۇلۇپ ، قاياقتىندۇر لەيلەپ
كەلگەن
يۇنۇس كەبى
ھايات دولقۇنلىرى مېنىمۇ ئۇچۇرۇپ كەلدى
ساڭا
كەل
باغرىڭغا چۆكەي
قارا قىسمەتلىرىمنى ساڭا ئاڭلىتاي
كۆز ياشلىرىم ساڭا تۇز قاتسۇن.
ھەسرەتتىن قۇتۇلغان ۋۇجۇدۇم
دولقۇنلىرىڭدا قىرغاقلارغا ئېتىلسۇن.

## ئۆلۈم

بىلسەكمۇ گەرچە مەۋجۇتلۇقىنى
لېكىن
بىلمەيتتۇق بۇ قەدەر يېقىنلىقىنى .
شۇ ئان سىرتتا
ھەر يەردە ئۆلۈم بار
خۇددى بىزنى ماراپ تۇرۇۋاتقاندەك
قورقىمىز ئىشىكلەرنى ئېچىشتىن .
ئىلگىرى
بىز ياخشى كۆرگەن ھەممە نەرسە
ئۆلۈم كەبى كۆرۈندۇ كۆزىمىزگە.
باغچىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرالمايمىز،
ئېلەڭگۈچلەردە ئۇچالمايمىز
ئۆلۈم يۇقۇپ قالغان ئۇ يەرلەرگە.
مەن سىنى سېغىنسام
سەن مېنى سېغىنسا
پەقەت ئۇزاقتىن قارايمەن ساڭا.
قوللىرىڭنى تۇتالمايمەن
باغرىمغا باسالمايمەن
ئۆلۈم بار مەندە
ياكى سەندە.
بۈگۈن ھەر يەردە ئۆلۈم بار
خۇددى تۈنىگۈن ھېچ يوقتەك
مومام، بۇۋام، دادام، ئاپام ئۆلۈپ
كەتمىگەندەك.
ئەسلىدە ئۇنتۇپ قالغان ئىكەنمەن
ئۆلۈمنى
مېھرىبان ئاپامنىڭ " ئۆلۈم قاش بىلەن
كۆزنىڭ ئارىلىقىدا " دېگەن سۆزىنى
بۈگۈن ، دېرىزەمدىن باققىنىمدا
سىرتتىكى ئۆلۈمگە
ئەسلىدىم ھەممىنى.

## خىيالدىكى چۈش

كۆزلىرىمنى يۇمغىنىمدا
ئاچقۇم كەلمەيدۇ پەقەت
چۈشلىرىم خىيال
خىياللىرىم چۈش
قوشۇلۇپ كەتكەن بىر ـ بىرىگە
خۇددى سىنىڭ تىنىقىڭ ماڭا قوشۇلۇپ
كەتكەندەك .
پەقەت چۈشۈمدىلا ئاپامنىڭ
كىچىك قىزىمەن .
چاچلىرىم قىرىق ئۆرۈلگەن غەمسىز بىغۇبار
پەقەت كۆرەلەيمەن چۈشلىرىمدە
ھەسرەتلەرگە چىدىيالماي يېرىلىپ
كەتكەن يەردىن
بۇلدۇقلاپ قايناپ چىققان توققۇز بۇلاقنى
مۆلچەر تېغىدا خەنجىرنى ئېسىپ
مەغرۇر تۇرغان يەتتە قىزلارنى
چۈشلەر ئىچىدە خىيال
خىياللار ئىچىدە چۈش
مۇساپىرغا بارمۇ بۇنىڭدىن ئۆزگە
ھۇزۇرلۇق ئىش؟
ساڭا ئاتىغان ئەڭ گۈزەل ھېكايەمنى
چۈشۈمدە يازىمەن.
كاككۇك قونغان تالللقلاردا يۈرگىنىمىزنى
كۆزلىرىمنى يۇمۇپ كۆرىمەن
كۆزلىرىمنى يۇمۇپ كۈتكەنىمەن يەنە
كاككۇكنىڭ قايتا سايرىشىنى
ئەتلەس كۆينەكلىرى بىلەن
ئىككى ئۆرۈم چاچلىرىنى ئوينىتىپ،
كاككۇكتەك سايراپ ، كۈلكە ـ
چاقچاقلاردا
باغلاردا ئۈزۈم ئۈزۈۋاتقان ئۇيغۇر قىزىنى
ئورما ناخشىسى بىلەن ئېتىزلارغا جان
بەرگەن
بادام دوپپىلىق ئۇيغۇر يىگىتىنى
ئاھ نېمە دېگەن گۈزەل كۆزلەرنى يۇمۇپ
ياتماق
چۈشلەردە خىيال ،خىياللاردا چۈش يازماق.

## دوپپا

ھەر رەڭگىگە پۈتۈلگەن
پاجىئەلىك بىر قىسمەت
ياكى باردۇر گۈللىرىدە
سېھىرلىك بىر مۇھەببەت
ھەر خىلىغا مۇجەسسەم
تارىختىكى رىۋايەت
بادام دوپپا
چىمەن دوپپا
گۈل دوپپا
گۈل قوللاردىن كەشتىلەنگەن ئۇز دوپپا
شان ـشەرىپىڭ ، ئىززىتىڭنى يوقاتتۇق
بۈگۈن سەنمۇ بىزگە ئوخشاش خار دوپپا
دوپپا تىككەن قوللار بۈگۈن باغلاقتا
دوپپا كىيگەن باشلار كەتتى زىندانغا
سەن بىلەن تەڭ يوقاتتۇق بىز ئۆزلۈكنى
تەمتىرەشتە يۈرۈمىز بىز ھەر ياقتا.

## قەھۋە تەملىك ھايات

ئاچچىق
قىرتاق
لېكىن ئاجايىپ سېھىرلىك
قارامتۇل رەڭگى
كۆيۈك ناندەك تەمى بىلەن
ھايات خۇددى قەھۋەگە ئوخشايدۇ.
كۆزۈڭدىن ئاققان ياش
پېشانەڭدىكى تەر
قەھۋەدەك قىرتاق
ئەمما
سېھىرلىنىپ تۇرۇپ ياشايسەن شۇنداق.
كۆرۈمسىز رەڭ ئىچىدىكى
ئىسمىنى دېيەلمەيدىغان
تەسۋىرلەپ بېرەلمەيدىغان
ئۇ ھۇزۇر ئۈچۈن.
ئازاپلانساڭمۇ
يالغۇز قالساڭمۇ
ياشايسەن شۇنداق.
سىنى مەپتۇن قىلغان
ئۇ ئاجايىپ
سېھىرلىك تەمنى تېپىش ئۈچۈن
كۆيۈك تەملىك
قىرتاق قەھۋەنى
بىر يۇتۇم، بىر يۇتۇمدىن ئىچكەندەك
ھەر كۈنى
بىر ئۈمىد بىلەن
بىر قەدەم ـ بىر قەدەمدىن
كېلىسەن مېڭىپ.

## نويابىردا

سېرىق ياپراق سارغايغان يۈزلەر
ئاچچىق شامال چىللايدۇ قىشنى
كۆلرەڭ تۇپراق ئېغىر سۈكۈتتە
ھاياتلىقنى باغرىغا تېڭىپ
سەبىر بىلەن كۈتىدۇ يازنى.

غىسىلدايدۇ ئاياق ئاستىمدا
نالە قىلىپ نىمجان غازاڭلار
يېشىل ياپراق تاشلاپ كەتسىمۇ
يالغۇز دەرەخ تىك تۇرار يەنە
قەلبى يارا مىنىڭ قەلبىمدەك
كۈنلەر ، ئايلار چەكسىمۇ ئازاب
مەن كۈتكەندەك كۈتەر باھارنى .

نويابىردا قىران بىر يىگىت
نويابىردا ئۆلگەن بىر بوۋاي
نويابىردا گۈزەل بىر پەرى
بەلكى بوۋاق يىللار ئىلگىرى
نويابىردا تۇغۇلغان مەندەك .
ياشلىقىنى ئۇزىتار بىر ـ بىر
ئەسلىمىلەر قالار قەلبىدە
ئۇنتۇلغان غۇۋا بىر چۈشتەك .

www.uyghurkitap.com



# ДЕТИ И ВОЙНА: ПРЕСТУПЛЕНИЕ ПРОТИВ ЧЕЛОВЕЧНОСТИ

Все люди родом из детства. Впечатления детства сопровождают человека всю жизнь. Наверное поэтому считается, что детство это самая прекрасная пора в жизни человека, а война, насилие и детство – это несовместимые в сознании человека понятия. Однако к сожалению в реальности детям нередко приходится жить в условиях, когда их детство приносится в жертву антигуманной политике.

Недавно на Иссык-Куле в г. Каракол прошло мероприятие, приуроченное к Международному Дню защиты детей. Оно было посвящено детям войны, чье детство было украдено войной.



*на фото: автор статьи с матерью Рахией Ахметовной (первая слево)*

По рассказам представителей этого поколения можно заключить, что практически у них не было детства. Наверное нам трудно до конца понять это, и мы не придаем этому должного значения. Но если вдуматься, то это отдельная глава преступления против человечности, называемого войной, геноцидом и другими печальными словами. Так например, Шакирова Разиям Ахматовна рассказывает, что они фактически почти не учились в , а с утра до позднего вечера трудились в колхозе наравне со взрослыми. Все это сопровождалось лишениями в питании, одежде.

Идея проведения мероприятия вынашивалась несколько лет. У ее истоков стоял заместитель председателя Татаро-башкирского культурного центра Шакиров Х.Ю. Инициативу поддержали представители уйгурской общественности и других национально-культурных объединений. Была изготовлена юбилейная медаль, составленыспискидетейвойны.

В целях соблюдения правил безопасности во время эпидемии COVID-19 было решено чествовать детей войны малыми группами. Поэтому в международный День защиты детей 1 июня были приглашены первые 50 человек. Мероприятие проводилось в городском парке Победы.

В акции приняли участие представители всех национально-культурных сообществ, председатель и депутаты Горкенеша, вице-мэр г. Каракол, учащиеся школ города. Все выступающие говорили, что дети должны жить счастливо с родителями. У них должно быть счастливое детство, не омраченное войной, голодом, концлагерями. Участники мероприятия выразили признательность организаторам за проявленное внимание.



**Сайфулла Абдуллаев,**
*доктор филологических наук, профессор Иссык-Кульского государственного университета им. К. Тыныстанова,*
**г. Каракол**

# Распространения коронавирусной инфекции

*Вспышка коронавирусной инфекции COVID-19 (пневмония нового типа) началась в конце декабря 2019 года. У жителей города Ухань, провинции Хубэй Центрального Китая выявили первые случаи пневмонии неизвестного происхождения. Заболевание было связано с местным рынком животных и морепродуктов.*

*31 декабря 2019 года власти Китая сообщили о вспышке неизвестной пневмонии во Всемирную Организацию Здравоохранения (ВОЗ). 30 января ВОЗ признала вспышку нового коронавируса чрезвычайной ситуацией в области общественного здравоохранения, имеющей международное значение. 11 февраля 2020 года заболевание получило название новой коронавирусной пневмонии — COVID-2019 (официальное название SARS-CoV-2).*

**Текущая статистика по коронавирусу на 30.06.2021 (Киргизия)**

| | | |
|---|---|---|
| Население | 6 631 тыс. | |
| Всего заражений | 125 003 | 1,9 % |
| Смертельные случаи | 2 000 | 1,6 % |
| Выздоровевшие | 110 082 | 88,1 % |
| Сейчас болеют | 12 921 | 10,3 % |
| Сделано тестов | 1 301 911 | |
| тестов на 1 млн. | 196 345 | |



В Кыргызстане наблюдается третья волна эпидемии коронавируса нового типа (COVID-19). Об этом заявил замминистра здравоохранения и социального развития Кыргызстана Жалалидин Рахматуллаев, передает ИА «Фергана».

«По эпидемиологической ситуации с COVID-19 по республике с начала пандемии отмечается две волны коронавирусной инфекции - в июле и ноябре 2020 года, и на сегодняшний день наблюдается, к сожалению, третья волна», - сказал он.

Увеличение числа случаев коронавирусной инфекции, по словам замминистра, отмечается с апреля. В последние семь дней высокая заболеваемость фиксируется в городах Ош и Бишкек.

Согласно последним исследованиям за март-апрель 2021 года, в Кыргызстане циркулируют четыре штамма COVID-19.

По данным на 30.06.21г. Минздрава всего за время пандемии в стране было выявлено 125003 случая заражения коронавирусной инфекцией, 2000 пациентов с COVID-19 скончались.

***«Кактус Медиа»***

## Тәзийәләр



Недавно, на 67 году жизни скончался

**Салой-Ахунов Евласхан Ергешович,**

генеральный директор ОсОО «Рубин», общественный деятель, член Совета «Международной ассоциации карачаевцев «Ата-Джурт».

Евласхан Ергешович как крупный бизнесмен вно сил свой вклад в развитие экономики нашей респу блики и как общественный деятель он также никогда не оставался в стороне от жизнедеятельности Общества уйгуров «Иттипак» КР и принимал участие в общественно-культурной деятельности данного Общества. Он являлся активным поборником сближения и единства народов нашей многонациональной республики. В связи с кончиной Евласхана Ергешовича мы выражаем глубокое соболезнование семье и родственникам покойного.

Пусть Земля ему будет пухом.

**Общество уйгуров «Иттипак» КР.**



Бишкәк шәһири, Аламедин-1 кичик районининң турғуни, Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» җәмийити Аяллар кеңишининң рәиси Турсунай Қасимоваға аниси

**Айимхан Һашимжан қизининң**

вапат болуши мунасивити билән чоңқур қайғуруп тәзийә билдуримиз вә сәвир-тақәт тиләймиз Мәрһумәнинң ятқан йери җәннәттә болсун.

**Қирғизстан уйғурлиринин «Иттипақ» җәмийити**

Чуй вилайити, Иссиқ-Ата наһийәси, Ново - Покровка йезисининң турғуни

**Икрамжан оғли Әхмәтжаннинң**

71 йешида вапат болуши мунасивити билән мәрһумнинң аилисигә, урук-туққанлириға чоңқур қайғуруп тәзийә билдуримиз вә сәвир-тақәт тиләймиз. Мәрһумнинң ятқан жайи җәннәтә болсун.

Амин.

**Оттуз оғул мәшрәп әһли,**
**Ново-Покровка җамаити**



Чүй вилайити, Аламедин наһийәси, Лебединовка йезисининң турғуни, мошу йезидики «Быстроток» кафесининң егиси

**Аблимит Абдуреим оғли**

61 йешида вапат болди.

Мошу мунасивәт билән мәрһумнинң аилисигә, урук-туққанлириға чоңқур қайғуруп тәзийә билдүримиз вә сәвир-тақәт тиләймиз.

**Қирғизстан уйғурлиринин «Иттипақ» җәмийити,**
**Лебединовка йезисининң уйғур жамаити.**

## ТӘБРИКЛӘЙМИЗ!





*Чүй вилайити, Аламедин наһийәси, Лебединовка йезисиниң турғуни, узун жиллар бойи мошу йеза уйғур жамаәтчилигиниң жигитбешиниң ярдәмчиси болуп ишлигән, «Иттипақ» гезитигә муштури топлаш вә уни тарқитиш ишлириға көп әжир сиңдүргән*

**САБИРЖАН РУСТӘМ оғлиниң туғулған күниниң 80 жиллик**

*тәвәллуди билән чин көңлимиздин тәбрикләймиз! Сабирҗан Рустәм оғлиға тән-саламәтлик, узун-өмүр, аилисигә бәхит-саадәтләрни тиләймиз.*

***Қирғизстан уйғурлириниң «Иттипақ» җәмийити***

## Редакцияғә чоң рәхмәт!

*Әссаламу әләйкум, Қирғизстанда чиқидиған «Иттипақ» гезитиниң тәһрират һәйъәтлиригә өзәмниң чоң рәхмитимни билдүримән.*

*«Иттипақ» гезитиниң май санида Қирғизстанда яшаватқан бир туққан акам Рәхимжан Абдувайит оғлини издәп язған хетимни гезиттә елан қилғандин кейин, издигән туққанлирим тепилди. Акам Рәхимжан билән аяли Әтиргүлләр аләмдин өтүп кетипту.*

*Худаға шүкри, уларниң балилири тепилди. Улар билән мән бир нәччә қетим телефон арқилиқ сөзләштим.*

*Акам Рәхимжан вапат болған болсиму, униң балилириниң тепилғиниға миң қәтлик шүкриләр ейтимән.*



**Халидәм Һошур қизи**

*Мениң туққанлиримни тепишқа ярдәм қилған «Иттипақ» гезити редакциясигә миннәтдарлиғимни билдүримән.*

*Әкбәржан әпәндим башлиқ «Иттипақ» гезитидики барлиқ хадимларға тән-саламәтлик, узун-өмүр вә хизмәтлиридә чоң утуқларни тиләймән.*

**Һөрмәт билән Халидәм Һошур қизи, Норвегия**

## Открылась персональная выставка художника С. Бабаджанова

*17 июня в филиале «Галереи М» открылась персональная выставка заслуженного деятеля культуры Кыргызской Республики, художника Сабиджана Бабаджанова.*

*Вниманию публики мастер впервые представил свои живописные произведения.*

*Большинство из них были созданы за последний год, и посетители нынешней экспозиции увидели их первыми. Кстати, любую из картин можно приобрести.*



*Данная выставка продлиться до 16 июля сего года. Адрес: г. Бишкек, филиал «Галерея М» ЦУМ -2, «Айчурөк», 4-й этаж/ 413 и Артхолл. Телефон: 0(550) 55-12-93*

***Соб.корреспондент.***

*Фото Абдурахима Хапизова*



